

# ئاقسۇ ئەدەبىياتى

1

84



قەدىمقى ئورمەزارلىقتىكى ناخشا ئاۋازى

لوتىيەنشۈن فوتوسى

# ئاقسۇ ئەدەبىياتى

1984- يىل (ئومۇمىي 18) سان
5 - يىل نەشرى

## مۇندەرىجە

بەت

پارتىيىنىڭ 4 ئاساسىي پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى
داۋاملىق گۈللەندۈرەيلى ...... (ماقالە) ...... لوتيەنشۈن 1
ھاياتلىق يولىدا ...... (پوۋېست) ...... ئېزىز ساۋۇت 6
شاۋشەن مۇھەببىتى ...... (داستان) ...... ئەخمەت ۋاھىدى 31
شېئىرلار ...... (شېئىر) ...... ئىمىن ئەخمىدى 35
ئاقبالداق مەخسۇم ...... (ھېكايە) ...... ئابلا ئەخمىدى 40
تاغ ناخشىلىرى ...... (سېكىل) ...... تۇنىياز مەتنىياز 49
شېئىرلار ...... (شېئىر) ...... زاھىر ئابدىراخمان 54
لېرىكىلار ...... ( « » ) ...... ياسىن قاسىم 57
ئانا قەلبى ...... ( « » ) ...... زەينۇرە ئەيسا 58
رۇبائىيلار ...... (شېئىر) ...... كېرەم مىجىت 59
ئۈچرىشىش ...... (ھېكايە) ...... غايىبە ئابدىراخمان 61
شېئىرلار ...... (شېئىر) ...... تۇرسۇن ياقۇپ سايرامى 65
ياشلىق ...... ( « » ) ...... مېھرىبان ئەسئەت 68
يېڭى يىل ...... ( « » ) ...... نىياز ئىمىن 69
يىللار ۋە ھايات ...... ( « » ) ...... ھەمراجان 69
شېئىرلار ...... ( « » ) ...... تۇرسۇن تۇردى 70
سىرلىق مىۋە «S × » ...... (فانتازىيىلىك ھېكايە) ...... تۇرسۇنجان توخنىياز 72
گۈللەنگەن يېزا ...... (سېكىل) ...... يۈسۈپجان ئىسمايىل 82
ئىككى غەزەل ...... (شېئىر) ...... غوپۇر راخمان 85
ئىككى غەزەل ...... ( « » ) ...... مۇختەر سۇپۇرگى 86
يېزىدىق ھەققىدە مۇخەممەس ...... ( « » ) ...... ئابدىرېھىم مەھەممەت 87
تۇتسالىڭ ئەگەر گۈلدەستە ...... (ناخشا-تېكىستى) ...... مومىن سەپىرى 88
يارىم ماڭا ۋاپادار ...... ( « » ) ...... تۇنىياز قادىر 89
مېھىر ۋە ئەقىدە ...... ( « » ) ...... ئابلەت ئىسرايىل 89

ۋەتەن ئىشقى ...... (شېئىر) ...... خان ئايىم ياقۇپ 90

تامام ئەمگەكچى باي بولدى ...... ( « » ) ...... سۇلايمان ھېزىم 90

يەتتە قىزلىرىم ...... (داستاندىن پارچە) ...... ئىبراھىم قۇربان 91


## چەتئەل ئەدەبىياتىدىن


غەزەللەر ۋە رۇبائىيلار ...... خوجا شەمسىددىن مۇھەممەت ھاپىز شىرازى 100

ئىككى شېئىر ...... (شېئىر) ...... ئەخمەت مىرزا 103

بولسا ...... ( « » ) ...... ئىمىر ھېزىم 104

ئىككى غەزەل ...... ( « » ) ...... سالى روزى 106

«مەنۋە قوياش»ھەققىدە بەزى تەسىراتلىرىم ... (ئوبزور) ...... ئەھمەت ئامان 107


مۇقاۋىنىڭ 1- بېتىدە دولان دەرياسى.

لوتېن شۆن فوتۇسى

# پارتىيىنىڭ 4 ئاساسىي پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى داۋاملىق گۈللەندۈرەيلى

لو تيەنشۇن

(ئاقسۇ مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت-مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)

يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىنىڭ 12- نۆۋەتلىك 2- ئومۇمىي يىغىنىدا: "ئىدىيىۋى سەپتە مەنىۋى بۇلغىنىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولمايدۇ» دېگەن ئىدى. ئۇ يەنە: "بىر نەچچە يىلدىن بېرى، ئەدەبىيات-سەنئەتتە مىسلىسىز گۈللىنىش بولۇپ، رېئال تۇرمۇشنى چوڭقۇر ۋە كەڭ ئەكس ئەتتۈرۈشتە، بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بولدى. ھېكايە، دوكلات ئەدەبىياتى، كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرى، دراما، ئوپېرا، شېئىرىيەت، مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت، ئۇسسۇل، ئەلنەغمە قاتارلىقلاردا بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. نەتىجە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىمۇ ئەيىيەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بۇ شۈبھىسىزدۇر. .......... لېكىن، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە يەنىلا ئاز بولمىغان مەسىلىلەر بار. يەنە خېلى ئېغىر قالايمىقانچىلىق مەۋجۇت، بولۇپمۇ مەنىۋى بۇلغىنىش ھادىسىلىرى مەۋجۇت» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

پارتىيىنىڭ 11- نۆۋەتلىك 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يەرلىك كومىتېت ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ۋىلايىتىمىزدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدە پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت يۆنىلىشىنى بويلاپ نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ۋەزىيىتىگە ئوخشاشلا بۇرۇن بولۇپ باقمىغان گۈللىنىش مەنزىرىسى مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ ئاساسلىقى: (1) ھېكايە، دوكلات ئەدەبىياتى، شېئىرىيەت، دراما، ئوپېرا، مۇزىكا، ئۇسسۇل، گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەتچىلىك قاتارلىق تەرەپلەردە بەزى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئىجات قىلىندى. مەسىلەن: ماۋجۇشىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى مەدھىيىلىنىدىغان «زۇنيىغا سەپەر»، قەدىردان زۇڭلىغا ماتەم تۇتۇلىدىغان «زۇڭلىنى ئەسلەپ»، پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلاپچىسى ياد ئېتىلىدىغان «جۇدې ۋېيۈەنجاڭ كوچاردا» ، ئىنقىلاۋىي قۇربان مەدھىيىلىنىدىغان «لىن جىلۇ كوچاردا » ، يېزا ئىگىلىك سېپىدىكى پۈتۈن مەملىكەتلىك "8- مارت" قىزىل بايراقدارى ماگۈيجۇ بەننىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان دوكلات ئەدەبىياتى « توخاكا تىگىدىن چىققان ئالتۇن قېقىنۇس »، باشقىلارنى قۇتقۇزدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىشنى ئىپادىلەيدىغان «شانلىق ھاياتقا مەدھىيە» . يەنە ۋىلايەتلىك سەنئەت سىنىپى ئىجات قىلغان ھەم ئورۇنلىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى ئاساسىي مەزمۇن

قىلىپ، رىۋايەتكە ئاساسەن ئىشلەنگەن بالىت «بۇلاق»، ئۇسۇل «كۆسەن مۇھەببىتى»؛ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى 1- دۆيى ئىجات قىلغان ھەم ئورۇنلىغان چوڭ تىپتىكى ئوپېرا «قىساس»، «مۇتەللىپ» ۋەچوڭ تىپتىكى دىراما «مولجەر تاغ بورانلىرى»، شۇنىڭدەك كۇچار ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن ھەم ئورۇنلىغان چوڭ تىپتىكى ئوپېرا «پەرھات ۋە شىرىن»، ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇنلىغان دىراما «ھەسرەت»، توخسۇن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇنلىغان دىراما «ھەسرەتتە قالدۇرغان توي» قاتارلىقلار بار. (2) ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى ئەمەلىيەت جەريانىدا بەزى ياخشى ئەسەرلەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى بىر تۈركۈم ياش ۋە ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلارنى تەربىيىلەپ چىقتى. ئۇيغۇرچە «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» 80- يىلىدىن باشلاپ نەشىر قىلىنغان بولۇپ 16 سان چىقىرىلدى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ۋىلايەت ئىچى ۋە سىرتىدىن بولۇپ 400 دىن ئارتۇق ئاپتورنىڭ 11مىڭ 700 پارچىدىن كۆپرەك ئەسەرلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىن 200 دىن ئارتۇق ئاپتورنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرىدىن 960 پارچىدىن كۆپرەكى ئېلان قىلىنىپ، يەرلىك ئاپتورلاردىن 80 دىن ئارتۇق كىشى تەربىيىلىنىپ چىقتى. خەنزۇچە «تارىم ئەدەبىياتى» 1977-يىلى نەشىر قىلىنىپ ھازىرغا قەدەر 26 سان چىقىرىلدى. ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەردىن بولۇپ 7000 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر تاپشۇرۇۋېلىنغان بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدىن ئېلان قىلىنغانلىرى 1000 پارچىدىن ئاشىدۇ. 1979- يىلىدىن باشلاپ يېتىشىپ چىققان ياش يازغۇچىلارنىڭ سانى 50 نەپەردىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ 1982 - يىلىدىن بۇيان ئېلان قىلغان تۇنجى ئەسەرلىرى 29 پارچىغا يېتىدۇ. ھازىر، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن بولۇپ، ژورنىلىمىز بىلەن دائىم ئالاقە قىلىپ تۇرىدىغان يازغۇچىلارنىڭ سانى 300 نەپەردىن ئاشىدۇ. (3) 1979- يىلىدىن بۇيان، پۈتۈن ۋىلايىتىمىزدىكى 9 ناھىيە ئىچىدىن 6 ناھىيىدە شېپىگىراپ بىلەن قەرەلسىز ئەدەبىيات-سەنئەت ژورنىلى چىقىرىلدى. ئۇلار ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدە چىقىدىغان «توققۇز بۇلاق»، كۇچار ناھىيىسىدىن چىقىدىغان«كۇچار ناخشىلىرى»، باي ناھىيىسىدىن چىقىدىغان «مۇزات دەرياسى»، ئاۋات ناھىيىسىدىن چىقىدىغان «ئاۋات ئەدەبىياتى»، ۋەنسۇ ناھىيىسىدىن چىقىدىغان «ۋەنسۇ ئەدەبىياتى»، كەلپىن ناھىيىسىدىن چىقىدىغان «كەلپىن ئەدەبىياتى»دىن ئىبارەت. بۇ ژورناللار نەشىر قىلىنغاندىن بۇيان جەمئىي 127 سان چىقىرىلدى. ئۇلارنىڭ بارلىققا كېلىشى يېزا مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت ئىشتىن سىرتقى يازغۇچىلارنى تەربىيىلەپ بەردى.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىگى شۇكى، كۆچلۈك دەۋر روھىغا، مول تۇرمۇش پۇرىقىغا، ھەم مىللى ئۇسلۇپقا ھەم رۇشەن يەرلىك تۈسكە ئىگە بولغانلىقىدا. ئۇلارنى ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىلىك بىرلىگى جەھەتتە بەلگۈلۈك سەۋىيىگە يەتتى، دېيىشكە بولىدۇ.

لېكىن مەنىۋى بۇلغۇنۇش ماھىيەتتە خىلمۇ - خىل. رەڭمۇ - رەڭ بۇرژۇئازىيە ۋە باشقا ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ چىرىكلىشىپ زاۋاللىغا يۈز تۇتقان پىكىر ئېقىمى بولۇپ، سوتسىيالىزىم، كوممۇنىزىم ئىشلىرىغا ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىگە ئىشەنمەيدىغان كەيپىياتلارنى شە-

كىمىلەيدۇرمەكتە. ۋىلايىتىمىزدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، ھەر قايسى تەرەپلەردە ئاز بولمىغان مەسىلىلەر مەۋجۇت. بەزى مەسىلىلەر يەنىلا نىسبەتەن گەۋدىلىك بولماقتا. مەسىلەن: بەزىلەر دەۋر ۋە خەلق بىلەن قارىمۇ - قارشى يولدا مېڭىپ ساغلام بولمىغان پىكىر ئېقىمى، مەزمۇنى ساغلام بولمىغان ئەسەرلەر ۋە ساغلام بولمىغان ئويۇن ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ روھى دۇنياسىنى بۇلغىماقتا. بەزى كىشىلەرنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات - سەنئەت خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېگەن شوئارغا بولغان كۆز قارىشى مۈجمەل، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سوتسىيالىزم يۆنىلىشىگە بولغان كۆز قارىشى ئاجىز؛ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىنقىلابىي تارىخىنى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان باتۇرانە كۈچلەرنى ئىپادىلەش ۋە كۈيلەش قىزغىنلىقى كەمچىل؛ سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن زورۇر ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردە، پارتىيىنىڭ ئىنقىلابىي مەيدانىدا تۇرۇپ ئاممىنىڭ تونۇشىنى ئۇستۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە قاراڭغۇلۇقنى، چۈشكۈنلۈكنى يېزىشقا خۇشتار بولۇپ، كەلسە - كەلمەس نەرسىلەرنى توقۇپ چىقىرىپ ئىنقىلابىي تارىخنى ۋە رېئال نەرسىلەرنى بۇرمىلىماقتا. يەنە بەزى كىشىلەر تەپ - تارتماستىن غەرپنىڭ ئاتالمىش مودېرنىزىم پىكىر ئېقىمىنى تەرغىب قىلىپ ئاشكارا ھالدا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەقسىدى ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلەش، دېيىشمەكتە ياكى ئابستراكت ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسى، ئىنسانپەرۋەرلىكنى تەشۋىق قىلىپ، سوتسىيالىزم شارائىتىدا كىشىلەرنىڭ ياتلىشىشى ئىجادىيەتنىڭ ئاساسى مەزمۇنى قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارىماقتا. ئايرىم ئەسەرلەردە شەھۋانىيلىقنى ۋە دىننى تەشۋىق قىلماقتا. ھەممىدە پۇلغا قاراش دېگەن ئىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىگىمۇ سىڭىپ كىرمەكتە. يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەسىلىلەر ۋىلايىتىمىزدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە، ھەر خىل شەكىل ئارقىلىق ياكى روشەن ياكى يوشۇرۇن ھالدا ھەر قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلەنمەكتە.

نۆۋەتتە پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە پارتىيىنىڭ 12 - نۆۋەتلىك 2 - ئومۇمى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلىۋاتقان ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلىۋاتقان ياخشى ۋەزىيەت ئاستىدا، يېڭى بىر يىلدا بىز تېخىمۇ قەتئىي ھالدا پارتىيىنىڭ 4 ئاساسى پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى قارارىنى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭ، يولداش چېن يۈنلەرنىڭ 2 - ئومۇمى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزلىرىنى، شۇنىڭدەك «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» دىكى مۇناسىۋەتلىك ماقالىلارنى ئوبدان ئۆگىنىشىمىز لازىم. پۈتۈن ۋىلايىتىمىزدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىشىمىز كېرەك.

1. قەتئىي تەۋرەنمەستىن پارتىيىنىڭ 4 ئاساسى پىرىنسىپىدا، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ "خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. 4 ئاساسى پىرىنسىپ- پارتىيىمىزنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئىزچىل ھالدا چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان دۆلەت قۇرۇش دەستۇرى، مەملىكىتىمىز خەلقىنىڭ مىللى ئىجتىمائىي ئازاتلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاساسىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ۋە-

تىنىمىزنىڭ ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى تەرەپلەردىكى تەرەققىياتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تۈپكى سىياسى ئاساسى. ئۇنىڭ يادروسى سوتسىيالىزىم يولى ۋە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەدەبىيات ـ سەنئەت سوتسىيالىزىم ئىشلىرىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ جانلىق، كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلەيدىغان بەدىئى ئوبرازلار ئارقىلىق ئىجتىمائى تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلىرىدىكى ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلەپى ۋە تارىخ تەرەققىيات يۈنۈلىشىنى ئىپادىلەش ھەمدە سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن خەلقنى تىربىيىلەپ ۋە ئۇلارنى پائال ئالغا ئىنتىلدۈرىدىغان، جاسارەت بىلەن ئىشلەيدىغان روھقا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت پەقەت سوتسىيالىزىم يولىدا، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ پۈتۈن رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ ھەم شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن "خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش" تىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. سوتسىيالىزىم يولىدىن چەتنەشكە ئۇرۇنىدىغان، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىلغان ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان سوتسىيالىستىك دۆلەت خەلقى كېرەك قىلمايدۇ.

2. ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى ۋە بەدىئى ئىپادىلەش ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز يېتىلدۈرۈشى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم. ئاڭ سەۋىيە ـ سىياسى يۈنۈلۈش ۋە كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشلا بولماستىن، بەلكى بەدىئى ئىپادىلەش ماھارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئاساسىدۇر. نۆۋەتتە پارتىيىنىڭ 12 ـ نۆۋەتلىك 2 ـ ئومۇمى يىغىن روھىنى ئۆگىنىشكە سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبى ئىجادىيىتىمىزنى تەكشۈرۈپ، ياخشىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ناچارلىرىنى تازىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەدىمقىلارنىڭ ۋە بۈگۈنكىلەرنىڭ، جۇڭگونىڭ ۋە چەتئەللىكلەرنىڭ بەدىئى ماھارىتىدىكى بارلىق ياخشى نەرسىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىز، قوبۇل قىلىشىمىز ۋە ئۆزىمىزنىڭكىگە سېلىشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇشىمىز، مۇشەققەتلەردىن قورقماي، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، جاپاغا چىداپ مەشق قىلىپ، مىللى ئۇسلۇبىنى، دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان ئەسەرلەرنى تىرىشىپ ئىجات قىلىشىمىز لازىم.

3. ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى كەڭ خەلق ئاممىسىغا يۈزلىنىپ تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىقى بىلەن دەۋرىمىزنىڭ ئاساسى تۇرمۇش ئېقىمىنى مەدھىيىلەشى، ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى لازىم. دەۋرىمىزنىڭ ئاساسى تۇرمۇش ئېقىمى نېمە؟ بۇ ھەقتە يولداش دېڭ شىياۋپىڭ: "بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز خەلققە مەنسۇپ، خەلقىمىز ئەمگەكچان، باتۇر، تىز پۈكمەيدىغان، ئەقىللىق، غايىلىك، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، سوتسىيالىزىمنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتىدىغان، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان خەلق. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ 4 ـ ماي ھەركىتىدىن كېيىنكى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇلار تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ بىلەن جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، بارلىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، مەملىكىتىمىز تارىخىدا شانلىق ئەسەرلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن يېزىپ قالدۇردى. ھەر قانداق كۈچلۈك دۈشمەنمۇ ئۇلارنى بويسۇندۇرالمىدى، ھەر قانداق ئېغىر قىيىنچىلىقلارمۇ ئۇلارنى توسۇۋالالمىدى. ئەدەبىيات ـ

سەنئەت ئىجادىيىتىدە خەلقىمىزنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى تولۇق ئىپادىلەش، خەلقنىڭ ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش جەريانىدىكى تۈرلۈك دۈشمەن ۋە تۈرلۈك قىيىنچىلىق بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ غەلىبىلىرىنى كۈيلىشى لازىم» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە: «بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى تەسۋىرلەش ۋە يېتىشتۈرۈش جەھەتتە تېخىمۇ ئىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تېخىمۇ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئىجادكارلارنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ ئاشۇ خىل ئىنقىلاۋىي غايىسى ۋە ئىلمىي پوزىتسىيەسىنى، يۇقىرى پەزىلىتىنى ۋە ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىنى، دۇنياغا نەزەر سالىدىغان ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھىدىن ئىبارەت يېڭى قىياپىتىنى ئىپادىلىشى لازىم. مۇشۇ يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ ۋە ئۇلارنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى تارىخىي ئىجادكارلىق پائالىيىتىنى ئالغا سىلجىتىش لازىم» دېگەن ئىدى.

4. ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىگە بولغان ئوبزورچىلىق خىزمىتىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. بارلىق شەيئىلەر ئىچىدىكى چىنلىق بىلەن يالغاننى، رۇشەنلىك بىلەن تۇتۇقلۇقنى، گۈزەللىك بىلەن سەتلىكنى كىشىلەر سېلىشتۇرۇش جەريانىدا پەرق ئېتىپ ياخشىلىرىنى ساقلاپ قېلىپ ناچارلىرىنى تاشلىۋېتىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. شۇڭا، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىگە بولغان ئوبزورنى كۈچەيتىش، مەنىۋى بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم. بىزنىڭ ئوبزورچىلىق خىزمىتىمىزنى ياخشى ۋە بىر قەدەر ياخشى دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر تەرەپتىن ئوبزورچىلىقنىڭ سۈپىتى تۆۋەن ۋە سان جەھەتتىن يېتەرلىك بولماسلىقتەك ئەھۋال بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەنقىتكە قارشى تۇرىدىغان كەيپىياتلارنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىدەك مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت بولماقتا. بەزى كىشىلەر پەقەت ياخشى دېگەننىلا ئاڭلاشقا ئامراق، ئۇلارغا ياخشى بولمىدى دېمەك تەس، بۇ خىل كەيپىياتلارنى ئۈزۈل-كېسىل ئۆزگەرتىش لازىم. بۇندىن كېيىن: (1) ئوبزورنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، (2) مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتىن ئىبارەت ئىجابىي ئۇسۇلنى قوللىنىشىمىز، (3) كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ خەلق ئاممىسىنى تۈرلۈك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاشقا قاتناشتۇرۇشىمىز، (4) قەرەللىك ھالدا مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەت ئوبزورچىلىق خىزمىتىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم.

5. مەنىۋى بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش، ئويۇن قويۇش، كۆرگەزمە قىلىش ئىشلىرىدا ئوتكەلنى چىڭ تۇتۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك. نۆۋەتتىكى ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە ئاساسەن، بۇنىڭدىن كېيىن، ئەدەبىيات-سەنئەت ژۇرنال-مەجمۇئەلىرىدىكى ئەسەر تاللاش، ئەسەر بېكىتىشتىن تا نەشىر قىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تەھرىر، ئاساسىي تەھرىر، باش تەھرىرلەرنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئورۇنلاشتا، مەدەنىيەتنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرى ۋە پارتىيىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈملىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى، بەزى ئەسەرلەرنى پارتكومنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىرى ياكى پارتكوم كوللېكتىپ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى، گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت قاتارلىق بەدىئىي ئەسەرلەرنى كۆرگەزمە قىلىشتا، ھەر قايسى جەمئىيەتلەرنىڭ ھەيئەتلەر يىغىنى ياكى دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا كوللېكتىپ تەكشۈرۈپ بېكىتىش لازىم.

# ھاياتلىق يولىدا



( پوۋېست )

ئېزىز ساۋۇت

I

ھەيۋەتلىك دولقۇنلىرىدا ئاپپاق بۇژغۇنلار-نى چاچرىتىپ، بىر كىلو مېتىر كەڭلىككىچە يېيىلغان ھالدا يىراق - يىراقلارغا سوزۇلۇپ ئېقىۋاتقان ئاقسۇ دەرياسى.

تومۇز ئايلىرى كىرگەندىن بۇيان، شىمالدا ھەيۋەتلىك قەد كوتۇرۇپ تۇرغان تىيانشان تاغلىرىنىڭ قار - مۇزلىرى ئېرىگەنلىكتىن، بۇ ئەزىم دەريانىڭ ئىككى قېشى لىپمۇ - لىپ دىگىدەك ئاپپاق - لايقا سۇلارغا تولغان ئىدى. قارىماققا دەريا ئۇزاقلاردىن تارتىلىپ كەلتۇ-رۇلگەن كومۇش ئارغامچىدەك، ئەگرى - بۇگ-رى ئېقىنى بىلەن يەنە قاياقلارغىدۇر سو-زۇلغىنىچە ئېقىپ غايىپ بولاتتى.

نەيزە بويى ئورلىگەن قو-ياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى دەريا دولقۇنلىرىدا ئىمىر - چىمىر بولۇپ ئەكىسلىنەتتى. دەريا-نىڭ ئىككى قىرغىغى بويلاپ ئۇزاقلارغا سوزۇل-غان ياپ - يېشىل چىمەنلىك - ئوتلاقلار، سازلىقلار بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن گوزەل دەريا ساھىللىرى، دەريا ساھىللىرىنىڭ يانتۇ ۋە بەزىدە تىك قىزغاقلىرىغا ماسلىشىپ، كو-تۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان توپۇلۇكلەر - نېمى قاچقان مۇنبەت ساغۇچ تۇپراقلىق ئېتىزلار، يىراق ئوپۇقلارغا تۇتاشقان ھالدا يېتىلگەن يېشىل مايسىلار، ئېگىزلار، باغلار ۋە بولۇق ئاشلىقلار بىلەن تولغان باغرىنى قوياشقا قاقلاپ ياتاتتى. گۇپۇلدەپ تۇرغان ھەر خىل

مىۋىلەرنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى تارقىتىپ تۇرغان غۇژمەك - غۇژمەك جايلاشقان باغلار، باغلار ئارىسىغا جايلاشقان، زۇمۇرەتتەك چىرايلىق ياپراقلارنىڭ قورشاۋىدا غىل - پال كۆرۈنۈپ قالىدىغان چالما - كېسەكلەر بىلەن سېلىنغان بىر يۈرۈش دىخان ئۆيلىرى، كىشىنىڭ قەلبىدە ئاللا قانداق شېرىن زوق قوزغايتتى. مانا بۇ ئۇستا رەسسامنىڭ نەپىس سۈرىتىدەك كۆرۈنگەن ئۇمۇمى مەنزىرە، ئەللەرگە مەشھۇر گۈرۈچ كانى - ئاقسۇ ۋادىسى ئىدى.

كەۋدىلىك، ئاپتاپتا كۆيگەنلىكتىن، ئەسلىدىكى ئاققا مايىل چىرايى مىس رەڭگىدە كۆرۈنىدىغان كەڭ يۈزلۈك، چېھرىدە بىر خىل پەرۋاسىز - ئۆيچانلىق چىقىپ تۇرغان، سول قولىنىڭ ئاستىدا بىر تال قارا مىڭى بار 31 ياشلاردىكى بىر يىگىت، رىمونت ۋە پولات چىۋىقلار بىلەن بېتونلاپ ياسالغان كۆركەم - چىرايلىق، ئۇزۇن دەريا كۆۋرىكىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ كەلدى - دە، ھەر خىل گۈل - نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن كۆۋرۈك سالاسۇنىغا كېلىپ يۆلەنگىنىچە:

- ئۇھ! - دىدى ۋە چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن يۈزلىرىدىكى تەر، چاڭ - توزاڭلارنى سۈرتتى. يىگىتنىڭ بېشىدا ئىسىلىشىپ - كىرلىشىپ كەتكەن، يېقىنراق كېلىپ قارىغاندىلا چاقماق گۈللۈك دىلوك رەختتىن تىكىلگەنلىكىنى ئاران پەرق ئەتكىلى بولىدىغان كونا كەپكە، ئۇچىسىدىمۇ كىر، ماي داغلىرى قاپلىغان شىم - چاپان بار ئىدى. ئۇ مورىسىدىكى نەرسە-كېرەكلىرى سېلىنغان خالتىسىنى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىغا قويدى-دە، ۋۇجۇدىغا پاتماي كەتكەن بىر خىل سېغىنىش، ئىنتىزارلىق سىزىمى ئىچىدە ئەتراپقا - كۆۋرۈككە، ئۆركەشلەپ ئاققان دەرياغا، ھاياتبەخش ھوزۇر قوزغىتىدىغان شالىزارلىق، مىۋىزارلىق مۇنبەت دەريا ساھىللىرىغا تويۇپ قانمىغان ھالدا كۆز سالدى. يول ئازاۋىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ۋە ياكى يۇرتىنى سېغىنىشتەك يالقۇنلۇق ھېسسىياتىنىڭ تەپتىدىنمۇ ئەيتاۋۇر گويا كى ھاۋا يېتىشمەي قالغاندەك ئاغزىنى چوڭ - چوڭ ئاچقان ھالدا، مىۋىزارلىق، شالىزارلىق - ئېتىزلىقلاردىن كېلىپ تۇرغان دەريا ئۈستىنى قاپلىغان نەم ھاۋانى ئاچكۆزلۈك بىلەن سۈمۈرەتتى.

يىگىت كۆكسىنى بىر ئاز باسقاندىن كېيىن، دەريانىڭ جەنۇبى ساھىلىغا تەلمۈرۈپ قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ سەرگەردانلارچە بىپەرۋالىق چىقىپ تۇرغان سوغۇققىنا چىرايىدا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى. قەلبىدە بولسا ئاجايىپ كۈچلۈك بولغان يۇرتىنى سېغىنىشنىڭ ھاياجانلىق تۇيغۇلىرى دولقۇنلايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى - يېزىسى، مانا مۇشۇ قەدىمى ئۇلۇغ دەريانىڭ ئەنە شۇ جەنۇبى ساھىلىدا، بوستانلىقلار بىلەن قاپلانغان كەنتلەرنىڭ بىرىدە ئىدى. يىگىت ئىلگىرىكى چاغلاردا مەھەللىسىدىن شەھەرگە ياكى شەھەردىن مەھەللىسىگە يۈرگەنلىرىدە دائىم دەريا ساھىلى بويلاپ كەتكەن، قويۇق جىگدە ۋە سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان يول بىلەن يۈرەتتى، ھەر قېتىمدا مۇشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتەتتى. شۇڭا كۆۋرۈك ئۇنىڭغا تونۇش ۋە يېقىملىق كۆرۈنەتتى.

ئۇ يۇرتىدىن چىقىپ كەتكىلى 13 يىلدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆزگە يېقىملىق دەريا ۋە كۆۋرۈك يەنە شۇ پېتىم تۇرۇپتۇ.

" سويۈملۈك يۇرتۇم، ئامان - ئېسەن تۇرغانسەن؟! " - ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى يىگىت، قەلبىدىكى بۇلاقتەك ئۇرغۇپ تۇرغان سېغىنىش ھېسسىياتىنى باسالمىغان ھالدا. يىللار-

دىن بىرى سەرگەردانلىق، مۇساپىرچىلىق بىلەن يۇرت كېزىپ يۈرگەنلىرىدە، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىسى، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان تەڭ-تۇش يارانلىرى كۆز ئالدىدىن بىر مىنۇتمۇ نېرى بولمىدى، يۇرت مۇھەببىتى كۆچەيسە-كۆچەيدىكى زادى پەسەيمىدى.

ئۇ يەنە سەرسانچىلىق تۇرمۇشنى يەنە قانچىلىك داۋاملاشتۇرماقچىدىكىنتاڭ؟! ھەر نەرسىنىڭ چېكى بولىدۇ. ھەر ھالدا ئۇنىڭمۇ يۇرتىغا قايتىدىغان ۋاقتى، سائىتى توشقانىدىكىن ئەيتاۋۇر، تىجمەللىك تۇرمۇشىمۇ ئۆزگۈرۈشكە قاراپ يۈزلەندى.

بىر كۈنى مەخمۇت (يىگىتنىڭ ئىسمى مەخمۇت ئىدى) قومۇلدىن قايتىشىدا ئۈرۈمچى-داخىيەن ۋوگزالىغا چۈشتى. بۇ يەردە بىر قانچە كۈنلۈك يۈك چۈشۈرىدىغان-قاچىلايدىغان ئىش تاپتى. كەچتە ئىشتىن ھېرىپ-ئېچىپ بېكەت ئالدىدا چوڭ چايخانىغا كىردى-دە، بىر بۇلۇڭنى ئىگەللىدى. چايخانىدىن چىنە-چەينەك ئېلىپ، قومۇلدىن ئېلىۋالغان قېتىپ كەتكەن نېنىنى چايغا چىلاپ يۇمشۇتۇپ يېيىشكە باشلىدى.

چايخانا تولىمۇ ئاۋات بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەنلەر، شوپۇر دەمسىز، دىخان ياكى ئىشچى دەمسىز... ئىش قىلىپ ھەر خىل ئادەملەر كىلىپ-كىتىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ كەچقۇرۇنلىرى ۋاڭ-چۇڭلۇق پاراڭغا تولغان، دەملەنگەن قارا چاينىڭ مىزىلىك ھىدى قاپلاپ كەتكەن، ھورلۇق ۋە بۇسلۇق بۇ چايخانا تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى.

مەخمۇت ئادىتى بويىچە ھېچقانداق پاراڭلارغا قۇلاق سالماستىن، چىيىنى ئىچىپ ئولتۇرغىنىدا، سۇپىنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشىۋاتقان، ئۇزايىدىن جەنۇپلۇق ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرغان ئىككى دىخاننىڭ ئۇزۇن-ئارا پاراڭلىرىغا قۇلاق سېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئۆز يېزىسىدىكى ئۆزگۈرۈشلەر ۋە ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كىلىش سەۋەپلىرى ھەققىدە پاراڭغا چۈشكەن ئىدى.

—جاھان كۈندىن-كۈنگە ياخشى بولىۋاتىدۇ جومۇ،—دەيتتى سۇپىنىڭ لىۋىدە ئولتۇرۇپ پىيالىغا نان توگۈرۈۋاتقان قويۇق چاڭگا ساقاللىق، بادام دوپپىلىق بېلىۋىغىغا يېگىسارچە پىچاق ئېسىۋالغان 50 ياشلاردىكى بىر كىشى ئاغزىدىكى ناننى مالاشلىتىپ چايناپ تۇرۇپ، —راستىنى راست دېمەي بولمايدۇ. مەن ئىلگىرى ئەمدى بىزنىڭ بولىشىمىز شۇ ئوخشايدۇ دەپ ئويلىۋىدىم. ھالا ئەمدىلىكتە، پارتىيە-ھوكۇمەت راستىنلا بىز دىخانلارنىڭ غېمىنى قىلىۋاتىدۇ ئەمەسما، ئىش قىلىپ ھالاللىق بىلەن ئىشلەپ باي بول-دىدى. بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىمكانىمۇ بولمىسا كېرەك. ئەمدى ئۇنداق-بۇنداق دىسەك تۇز كور بولۇپ كېتىمىز جومۇ-تۇز كور!

— راست ئەيتىلا ھەققەمسايىم،—دەپ گەپكە قوشۇلدى، ئۇنىڭ بىلەن ھەمتاۋاق بولۇپ چاي ئىچىۋاتقان شاپاق دوپپىلىق، شاپبۇرۇت 45 ياشلار چامىسىدىكى يەنە بىرسى،—بىزنىڭ يوپۇرغا تەرەپتە-مەھەللىمىزدە ئۆتكەن يىل مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگىنىدە مەن تازا ئىشلىيەلمەي، يەرگە بوش ئىشلەپ قويغان ئىكەنمەن، قايىلمامدىغان، 1200 جىڭدەك ئاشلىقنى كەملىتىپ قويايتتىمەن. دۈيجاڭلار دىگىنىنى قىلىپ تولۇتۇپ ئالدى. مەھەللىمىزدىكى داۋۇت توپاق دىگەن بىرسى ئوغۇللىرىنى باشلاپ ئەپچىقىپ ئىشلىگەندەك قىلىۋىدى، توختامدىن $1\frac{1}{2}$ ھەسسە ئاشۇرۇۋىتىپتىكەن، دۈيجاڭلار توختام-ۋەدە بويىچە ئاشقىنىنى ئۆزىگە بەرگەنىنىڭ سىرتىدا يەنە پۇل، ئوغۇت

دىگەندەك نەرسىلەر بىلەن مۇكاپاتلىندى، بىراقلا قەد كوتۇرۇپ قالدى. بۇ يىل كۈزدە سوپەكتىن [1] بىرنى ئالىمەن دەپ كوكسىنى كىرىپ يۈرۈيدۇ. بۇ يىل مەنمۇ ئۇيقامنى ئېچىپ ياخشى ئىشلەشكە بەل باغلىدىم. شۇڭا خىمىيەۋى ئوغۇت ئىزدەپ بۇ تەرەپلەرگە كەپ قالدۇق دىسىلە. بىزنىڭ مارالۋېشى سېرىق بويىدىمۇ مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ھەممە ئىش هوددە بولغاندىن كېيىن ئەمگەكچى بىلەن ھورۇننى ناھايىتى ياخشى ئايرىيدىكەن ئەمەسما. بولۇپمۇ ھېلىقى يىللاردا لاي سۇغا باش ئېتىپ داۋدۇڭۋېيۈەنخۇيغا جۇرۇن بولۇۋالغان ئابدىكېرىم پوچى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ ئىش بولۇپ بېرىلمۇۋىدى، ھەممىنىڭ ئارقىسىدا قالدى. قىززىقى ئۇنىڭ خوتۇنى جۇرۇن خېنىم ئەمدى ئىشكەكلىرى ساڭگىلاپ ئېتىزدىن كەلمەيدىغان، مورىسىدىن كەتمەن چۈشمەيدىغان بولدى. ھا، ھا، ھا! ... مەنمۇ ئوغۇت خاپىلىقى بىلەن كېلىپ يۈرۈمەن.

— ھېلىتىنلا بازار ئاشقا تولاۋاتىدۇ. ئىش قىلىپ پارتىيە - ھۆكۈمىتىمىز دېھقاننى مۇشۇنداق قوللاپ بەرسە، ئىش ئارقىغا يېنىپلا كەتمىسە ... خۇدا بۇيرىسا كورەمىز ئىككى - ئۈچ يىلدىلا، دېھقان دىگەن خېلى بىر نىمە بولۇپ قالىدۇ جۇما! خۇدايىم كۆز تەگمىسۇن.

بۇ گەپلەر قۇلىقىغا كىرگەندىن كېيىن مەخمۇتتا ئەمدى جىم ئولتۇرۇشقا سەۋرىسى قالمىدى. " نىمە دەۋاتىدۇ بۇلار، خاتا ئاڭلاپ قالمىغاندىمەن " دەپ ئويلاندى ئۇ ۋە بۇلۇڭدىن قوزغۇلۇپ تاپىسىغا چۈشتى-دە:

— ئاكىلار، - دىدى ئۇلارغا قاراپ تارتىنغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ،- ھەربىرلىرى نەدىن كېلىشىلا؟ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئېغىزدىن چىقىش قىيىن بولغان گەپلەردىن قىلىشىلىغۇ؟ -دەپ سورىدى.

سوھبەتچىلەر تويۇقسىز پەيدا بولۇپ، قىززىق سوھبىتىنى بولۇۋەتكەن بۇ پەجمۇدە يىگىتكە بىر ئاز نارازى بولغان ھالدا قاراشتى.

— ئۇكام، - دىدى ئۇلاردىن بىرسى، - ئوزەڭ چىم بولىسەن؟ ھەجەپ بىزدىن گەپ كوچىلاپ قالدىڭغۇ؟ شۇ يىللاردىكى تىڭ-تىڭچىلاردىن بولۇپ قالمىغىن يەنە، بولساڭمۇ ئاقمايدۇ جۇما، ئۇنىڭغا بازار كاسات! ھا ... ھا ... ھا ... !

قاقاخلىغان كۈلكە ساداسى چايخانىنى بىر ئالدى. چايخانىدىكىلەرمۇ بۇ چاخچاقتا قىزىقىپ كۈلۈپ كېتىشتى ۋە كۈلكە بىلەن زوقلىنىپ مەخمۇتقا قاراشتى. مەخمۇتمۇ بۇ چاخچاقتىن ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى ۋە:

— يوقسۇ، يوقسۇ ئاكىلىرىم، مەن ئۇنداق ئادەم ئەمەس، - دىگىنىچە خىجالەت ئارىلاش تۈزۈت قىلدى، يىگىت چايخانىدىكىلەرگە ئوز ئەھۋالىدىن قىسقىچە بىر نەرسە دەپ بېرىشنىڭ زورۇرلىگىنى ھىس قىلدى.

— مەن بولسام، - دىدى ئۇ بىر ئاز جىددىلەشكەن ھالدا، - كوڭۇل ئاغرىقى سەۋەبىدىن يۇرتۇمدىن قاڭقىپ چىقىپ قالغان بىر مۇساپىرمەن، 13 يىلدىن بېرى جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن بىخەۋەر، قەيەردە قوساق تويسا شۇ يەردە جان بېقىپ، كوڭۇل تىنچلىقىنى ئىزدەپ يۈرۈيمەن.

— ھە، ماندا دە، - دىدى شاپ بۇرۇت ۋە پىيالىگە چاي تولدۇرۇپ مەخمۇتقا سۇندى.

— مە، بىر ئوتلىغىنا، يۇرتتىن ئايرىلغان مۇساپىرمەن دىگىن، قاندا قىسىگە شۇنداق بولۇپ قالدىڭ ئۇكام، شۇ كەمگىچە بىر قېتىم

[1] سوپەك - قول تىراكتۇرى.

مۇ بىرىپ باقمىدىڭمۇ؟

— ياق، بىر قېتىممۇ بېرىپ باقمىدىم. كۆڭلۈم تولىمۇ ئاغرىپ كىتىۋىدى... ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئۇ يەردە ھېچكىمىم قالمىغان ئەمەسمۇ، شۇنداقتىمۇ يەنە ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەرنى تولىمۇ /سېغىنىدىكەن كىشى...

— سېغىنمامدىغان ئۇكام، سېغىنمامدىغان، تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئېزىز ئەمەسما، ھىم... مۇنداق دىگىن...

بۇ چاغدا چايخانىدىكى پاراڭلارمۇ توختاپ ھەممىسىنىڭ دىققىتى مەخمۇتقا بولۇنگەن ئىدى.

— ئۇكام، يۇرتقا قايتمىغىدەك شۇنچە ئېغىر كۆڭۈل ئاغرىغىمىدى؟

مەخمۇت سۆيىنىڭ قىرغىقىغا كېلىپ ئولتاردى-دە، مەھەللىدىكى چاغدا يۇرتنى تاشلاپ چىقىشقا سەۋەپ بولغان كەچمىشلىرىنى قىسقىچە ھىكايە قىلىپ بەردى. ئۇ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاخىرلاشتۇرغاندا ئىختىيارسىز كۆزىدە ياشلار پەيدا بولغان چايخانىنىڭ ئىچىنى سۈرلۈك جىملىق باستى. مەخمۇتنىڭ كەچمىشلىرى چايخانىدىكىلەرگە كۈچلۈك تەسىر قىلغان ۋە بەزىلىرىنىڭ كۆڭۈل يارىلىرىنى ئېچىۋەتكەن ئىدى.

— مانداق دە ئۇكام، — دىدى بومبا ساقال دىگان چايخانىدىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ، — راستىنلا كۆڭلۈڭ ئاغرىغىدەك ئېغىر ئىش ئوتۇلەپتىكەن.

— ماڭا قايلا ئۇكام، — دىدى شاپ بۇرۇت، يىگىتنىڭ مۈرىسىنى سىلاپ تۇرۇپ مېھرىۋانچىلىق قىلغان ھالدا، — بۇ ئىشلار گەرچە سېنىڭكىگە ئوخشىمىسىمۇ، مۇشۇ چايخانىدا تۇرغانلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىلىرىدە ئۆتكەن، كۆڭلى يارا خەقلەر، ئەمدىلىكتە جاھان ئۆزگىرىۋاتىدۇ. مۇنداق بولغاندىن كېيىن ھەر قانچە ئېغىر خاپىلىق بولسىمۇ ئۇنتۇلىدىكەن. ئادەمگە، ئۆي-جاي، ئاش-ئوزۇق، دوست-يار-ئاغىنە، بالا-چاقا كېرەككەن. كونا ئىشلارنى ئەسلەۋەسەڭ قۇرۇق تۈگەپ كېتىسەن. ئۇكام، بۇ ئىشلارنى ئارقاڭغا تاشلىۋېتىپ، ئالدىڭغا قارىغىنىڭ تۈزۈك. تېخى ياش ئىكەنسەن، مەھەللىمىزدە بولسا 70 - 80 لەرگە كىرگەنلەرمۇ يەنە ئۈمىت بىلەن ياشىرىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا تۇتۇش قىلىۋاتىدۇ، بۇ كەملەرگە سېنىڭ يۇرتۇڭدىمۇ بۇ سىياسەتلەر يۈرگۈزۈلۈپ مەھەللەڭ خېلى ئۆزگىشۈلۈپ قالغاندۇ. ياخشىسى يۇرتۇڭغا قايتىپ بىر كۆرۈپ باقماسەن!

شۇنداق قىلىپ، مەخمۇت ئۇلارنىڭ دەۋىتى بىلەن 13 يىللىق سەرگەردانلىق تۇرمۇشىغا خاتىمە بەردى. ئۆزىدە ئۈمىت چىرىغىنى ياندۇرغان بۇ كىشىلەرگە چىن كۆڭلىدىن رەخمەت ئېيىتقىنىچە سىرتقا چىقتى. بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈپ ئاسماندا يۇلتۇزلار چىمىرلاشماقتا ئىدى. شىمالدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تيانشان تاغلىرىدىن ئۇرۇپ تۇرغان كەچكى سالقىن شامال، غىلىڭ سايلىق-تاشلىققا جايلاشقان، كۈندۈزدىكى ئىسسىقتا تونۇردەك قىزىپ كەتكەن داخىيەن ۋوگزالىنىڭ ئىقلىمىنى سوۋۇتماقتا ئىدى. مەخمۇت قونۇدىغان يەر تاپالماي، بېكەتنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەينىڭ بۇرجىكىدە، سىمونت تۈۋرۈكنىڭ تۈۋىدە خالتىسىنى بېشىغا قويغان ھالدا تۈگۈلۈپ ياتتى. لېكىن ئۇنىڭدا ئۇيقا دىگەن نىمە ئىش قىلسۇن. تاڭمۇ ئاتتى " خەيرىيات » دىدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، - ئەندى قايتاي، ئاتا-ئانامنىڭ تۇپىسىنى بولسىمۇ يوقلاپ كېلەي.

شۇ كۈنى بىر ئامال قىلىپ ئاقسۇ ناھىيە-



سىگە بارىدىغان بىر ئىنساپلىق ئۇيغۇر شو -
پورنى تېپىپ ، يۈرتىغا ئېلىپ كېتىشكە ئۇ -
نا تتى. بىر قانچە كۈنلەپ يول مېڭىپ ئاقسۇغا
چۈشتى . ئاقسۇ بازىرىدىمۇ بىر كېچە قونۇپلا
يەنە بۇگۈن سەھەردە ، مەھەللىسىگە قاراپ
پىيادە يۈرۈپ كەتتى .

مەخمۇت كوۋرۇكنىڭ سالاسۇنىغا تىرىگەن
كوكسىنى ئورە قىلىپ ، كوۋرۇكنىڭ نېرىقى
بېشىغا كوز تىكتى . تۇيۇقسىز كوزى كوۋرۇك-
نىڭ باش تەرىپىدە يولنىڭ بىر چېتىگەرەك
سېلىنغان ، كوۋرۇك ساقلىغۇچىلار ( پوست ) ①
تۇرىدىغان پوتەيگە كوزى چۈشتى - دە، يۈ -
رىگى شوۋ قىلىپ ئويناپ كەتتى . تېز - تېز
قەدەم تاشلاپ، پوتەينىڭ تۈۋىگە كەلدى ۋە
ئوز ۋاقتىدا ، بېشىغا قاتتىق كۈن چۈشكەن -
دە ، مۇشۇ پوتەي ئىچىدە ئوزىگە ئومۇرۋا -
يەت ئۇنتۇلمايدىغان بىر خالىس ياخشىلىق
قىلغان شەپقەتچىسىنى ئېسىگە ئالدى . "ئەمە-
دى بۇ يەردە پوستىمۇ تۇرمايدىكەن، شۇ ئېسىل
يىگىت نەلەردىدۇ ؟ مۇشۇ ئەتراپتىكى مە -
ھەللىدىن دىگەن ئىدى ، مەھەللىسىدە بار -
مىكىن ، ھال - ئەھۋالىم ئوڭشالغاندا ئۇنى
چوقۇم يوقلايمەن » دىگەن قارارغا كەلدى .
مەخمۇت قىزىقىسىنىپ ھالدا پوتەي ئىچىگە
كىردى - دە ، شۇ مۇدھىش كېچىسى ئوزى
ئولتۇرغان يەرگە ئولتۇرۇپ پوتەي تېمىغا
يولەندى ، ئۇ چاغدا ھېلىقى شەپقەتچى يە -
گىت ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرغان ئىدى...

بىردىنلا ئۇنىڭ خىيالى 13 يىل بۇرۇنقى
ۋەقەلەرگە كەتتى...

## II

— قىمىرلىما ! قولۇڭنى كوتەر ! قىمىر -
لىساڭ ئوق چىقىرىمەن!

تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋاز بۇلۇتلۇق تۈن
باغرىنى يېرىپ يىراقلارغا تارقالدى .

① مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى ۋاقتىدا، ئەلەم كۆرۈشى ئەۋج
ئالغاندا كوۋرۇكنى، دەستلەپتە ھەربىلەر، كېيىن مىنبەگ-
لار باققان ئىدى.

مەخمۇت پۇت - قوللىرىدا ماغدىر قالمىغان ھالدا يەرگە قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى - دە، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ ئىككى قولىنى كۆتەردى. كىكەچلىگەن ھالدا ئارانلا:

— مەن ... مەن ... دېيەلىدى ۋە پىرژىنكىتىنىڭ ئوتكۇر نۇرىدىن يۈزىنى قاچۇرۇپ يانىغا بۇرىدى.

بۇ تۇن نىسپى بولغان مەزگىل بولۇپ، مەخمۇت مەھەللىسىدىن، موكۇپ ئالغان ياداڭلىقتىكى بىر ئۆڭكۈردىن ئەل ياتقۇدىلا چىققتى - دە، " يا رەببىم، ئوزەڭ پاناھىڭدا ساقلىغايسەن » دىگىنىچە، ئورمانلىق، جاڭگاللىقلار ئارىلاپ موكۇپ - چوكۇپ دىگۈدەك، شەھەر تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ، شەھەرگە ئۇلۇشۇپ ئالىلا كىشىلەر كوچىغا چىقىپ بولغىچە بىرەر ماشىنا - پاشىنا تىپىپ ئوزىنى يوشۇرماقچى ئىدى.

ئۇنىڭ قوسىغى ئاچ، پۇت - قوللىرىدا ماغدىر يوق بولسىمۇ غەيرەت قىلىپ ئىلگىرىلەيتتى. كىيىم - كېچەكلىرىنى تىكەنچاتقالار ئىلەۋىلىپ، يۈز ۋە پۇت - قوللىرىنى سىجاپ قانىتىۋېتەتتى، گاھىدا ئىتلار كەينىگە كىرىۋېلىپ خاپا قىلاتتى. مەھەللىدىن ئۇزاقلاپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ يۈرىكى بىر ئاز ئىزىغا چۈشتى - دە، بىر چاتقالنىڭ تۈۋىدە بىر ئاز دەم ئېلىپ ئولتوردى. " دەريادىن قانداق ئۆتەرمەن، بۇ سوغۇقتا كېچىپ ئۆتكىلى بولماس. كۆۋرۈكتە پوست بار. قانداق قىلارمەن » دىگەنلەرنى ئويلاندى. بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن: " كۆۋرۈككە باراي، ياندىن قىڭداپ، ئۆمۈلەپ ئۆتۈپ كېتەرمەن » دىگەن قارارغا كەلدى - دە، ئاندىن يەنە يولىنى داۋام قىلدى. لېكىن كاج تەلەي ئۇنى پوستقا كورسۇتۇپ قويغان ئىدى.

" ئەندى ئۇ، مېنى مەھەللىگە ئاپىرىپ سوتلايدۇ. ئىش ئاشكارا بولىدۇ ۋە مېنى يەنە ئابدىسەمەتلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ تۈگەشتىم دىگەن سوز. ئەزەلدىن بەختىم قارا ئىكەن »، ئۇ دەرت - ئەلەمدىن كوزىگە كەلگەن ياشنى زورىغا بېسىپ ئامالسىز " ئەلەكمۇللا » دىگىنىچە پوستىنىڭ ھەركىتىنى كۈزۈتۈپ قول كوتۇرۇپ تۇردى.

دىكابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، سوغۇق بىر كېچە ئىدى. ئاسماننى قارا مىتۇل بۇلۇت قاپلىغان. يىراق ئۇپۇقنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى بۇلۇتسىز ئاسماندا بىر قانچە يۇلتۇزلار سۇس نۇر چېچىپ يالتىراپ تۇرغاندىن باشقا بىرەرمۇ يۇلتۇز يوق ئىدى. تۇن قاراڭغۇسىدا ئەتراپتىكى غازاڭلىرى چۈشۈپ چوخچۇيۇپ قالغان دەل - دەرەخلەرنىڭ ئەگرى - بۈگرى شاخلىرى تولىمۇ سۇرلۇك بىر كورۇنۇش ھاسىل قىلغان ئىدى. دەريا بولسا ئاقۇش تۇمان ئىچىدە، تۇن قاراڭغۇلىقىغا زىت ھالدا، كۈمۈشتەك يالتىراپ ئۇزاقلارغا سوزۇلغىنىچە ئېقىپ تۇرماقتا ئىدى. قىسقىسى ئەتراپنى سۇرلۇك جىم - جىتلىق قاپلاپ كەتكەن ئىدى.

" تېزدىن قېچىش كېرەك » دىگەن پىكىر مەخمۇتنىڭ كاللىسىدىن " يالت » قىلىپ ئۆتتى ۋە ئوزىنى ئوڭشاپ بولغىچە، پوست ئۇنىڭ كوڭلىدىكىنى تۇيۇپ قالغاندەك پىرژىكتىرنى ئۇنىڭدىن ئالماي، مىلتىغىنى دىۋەيلىگىنىچە يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى.

— قىمىرلىما! قىمىرلىدىڭ ئاتىمەن! ئالدىمدا پوتەينىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭ!

مەخمۇت مىلتىق زاتۋورىنىڭ شاراقلىغانلىغىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى - دە،

قارشىلىق قىلماي ئاخماقلىق ئىكەنلىكىنى ئويـ
لاپ يەتتى ۋە يالۋۇرغان ھالدا:

— بۇرادەر، مەن بۇزۇق ئادەم ئەمەسـ
مەن، كەچ قالغان بىر يولۇچىمەن. مېنى
ئۆتكۈزىۋەتسىڭىز، — دېدى.

— پوتەي ئىچىگە قاراپ ماڭ!

مەخمۇت ئىلاجىسىز تىترىگەن ھالدا پوـ
تەينىڭ ئىچىگە كىردى. پوتەينىڭ ئىچىدە
مەش قويۇلغۇق، تاش كومۇرنىڭ تەپتىدىن
قىپـقىزىل بولۇپ كەتكەن، تولىمۇ ئىسـ
سىق ئىدى، تەرەپلىرىگە ئەينەك بىلەن روـ
جەكلەر قويۇلغان بولۇپ ئەتراپ ئېنىق كوـ
رۇنۇپ تۇراتتى.

— قېنى، ئالدىڭنى مەن تەرەپكە قىلىپ،
ئارقاڭنى تامغا تىرەپ ئاۋۇ بۇرجەكتە ئولـ
تۇر! تونۇشتۇرۇشۇڭ بارمۇ؟

مەخمۇت پوستىنىڭ دىگىنىچە ئولتۇردىـ
دە، ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن ئەيمىنىپ قاردـ
غان ھالدا:

— يوق، ئېلىۋالماپتىكەنمەن، — دەپ
جاۋاپ بەردى.

— ھىم، سەندەك ساختىپەزلەرنى تولا كورـ
گەن بىز، بۇنداق سوغۇق كېچىلەردە، قانداق
كىشى تونۇشتۇرۇشسىز ماڭىدۇ — ھە! كوۋـ
رۇكتىن كېچىسى تونۇشتۇرۇشسىز ئوتكۈزـ
مەيدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ تۇرۇقۇڭدىن
قارىغاندا بىر سالپا — ساياق ئوغرى ياكى
بۇزۇقلاردەك قىلىسەن، راستىڭنى ئېيتساڭلا
چىقىش يولى بار. ئىقرا قىلغانلارغا كەڭچىـ
لىك... ھازىر قانداق ۋاقىت بىلەمسەن؟

پوست سوزلەپ بولۇپ، مەخمۇتقا تىكىلدى.
مەخمۇتمۇ ئۇز نۆۋىتىدە پوستقا سەپ سالـ
دى. ئۇ دەسلىۋىدە ئۇنى ئازاتلىق ئارمىيەـ
جەڭچىسىمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدى. قارسا
پاشقىمنا، ئۇزى دىمەتلىك بىر مىنبىڭ يەـ
گىت ئىكەن. ئۇنىڭ ئەندى خەت سىزىشقا
باشلىغان بۇرنىنى نەۋ قىران يۈزىگە تولىمۇ
ياراشقان، كوزلىرى بۇلاقتەك، قەددىـ
قامىتى كېلىشكەن، مەڭزىلىرىدە قان يايراپ
تۇرغان ئاق ئوڭلۇك... تېتىك، زەبەرـ
دەست... ئىش قىلىپ ئادەمنىڭ ھەۋىسى
كەلگىدەك كېلىشكەن بىر يىگىت ئىكەن. بېـ
شىدىكى قۇلاقچا، ئۇچىسىدا جوگا، پۇتىدا
پىيما. مىلتىق ئۇنىڭغا تولىمۇ ياراشقان
ئىدى.

— يولداش، — دېدى مەخمۇت تىترەك بىر
ئاۋازدا، — كېچىسى ماڭغان، تونـ
ۇشتۇرۇشى بولمىغانلىكى ئادەملەرنىڭ ھەمـ
مىسى بۇزۇق، ئوغرى بولۇۋەرمەيدۇ. بەزىدە
ساپ ۋە ياخشى كىشىلەرمۇ مېڭىپ قالىدۇ، ئىـ
شىنىڭ — ئىشەنمەڭ مەن ئوغرى ياكى بۇزۇق
ئادەم ئەمەسمەن. بەلكى ساددىلىقىمدىن خوـ
دانىڭ لەنىتىگە ئۇچراپ تىنەپ كەتكەن بىر
تەتۇر پىشانىمەن...

— قوي بۇنداق ئادەم ئالدايدىغان خوراـ
پى گەپلىرىڭنى! راستىڭنى ئېيت!

— راست ئېيتىۋاتىمەن، مەن مەكتەپ تەرـ
بىيىسى كورگەن، پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدە ئوسـ
كەن بىر ئۇممەتلىك ياش ئىدىم. ئەنە شۇ ئوـ
قۇغانلىرىم بېشىمغا بالا بولدى. دۇنياغا كىشى
گاس، دوت توغۇلسا بولىدىكەن!

— ساپلا دەۋرىمىزگە توھمەت بولىدىغان گەپـ
لەرنى قىلىۋاتىسەنغۇ، بۇزۇق ئەبلەخ! مۇشۇ
يەردىمۇ زەھەر چاچىسەن — ھە!

— قانداق چۇشەنسىڭىز شۇنداق چۇشىنىڭ،
لېكىن مەن ئۇزەمگە توغرا ئادەممەن!

پوستىكى يىگىت بىر پەس شۇكلەپ قالدى ۋە
مەخمۇتنى يەنە بىر قېتىم كوزدىن كوچۇردى. مەخـ
مۇتنىڭ ئاۋازىدىكى ۋە تەققى-تۇرقىدىكى ھالەتـ
لىرىدىن ئۇنىڭدا بىر سەممىيەتنىڭ بەلگۈلـ

ردىنى ھىس قىلدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «مەكتەپ تەربىيىسى كورگەنمەن، ئوقۇغانلىرىم بىشىمغا بالا بولدى» دىگەنلىرى ئۇنىڭدا قىزىقىش قوزغىدى.

— قايسى مەكتەپتە ئوقۇغان ئىدىڭ؟ نەلىكسەن؟

— ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ "ن" كۆكچىسى 5 — دادۇي 2 — شياۋدۇيدىنمەن. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىزنى ئوز مەھەللەم، كۆكچىدا، تولۇق سىنىپنى ئاقسۇ تولۇق 1 — ئوتتۇرا مەكتەپتە تۈگەتكەنمەن.

— ھە، نىمە دىدىڭ؟ ئاقسۇ تولۇق 1 — ئوتتۇرا مەكتەپنى دىدىڭما، قايسى يىلى پۈتتۈرگەن؟ ئوقۇتقۇچىلارنى دەپ باقە قىنى؟

بىردىنلا مۇلايىملىشىپ، سوھبەتچىگە ئايلانغان بۇ يىگىتكە مىھرى بىلەن تىكىلگەن مەخمۇت، ئۇنىڭدىكى بالىلىقنا خاس ساددە، ئاق كوڭۇل، ساپ دىللىقنىڭ ئالامەتلىرىنى ھىس قىلدى — دە، ئۇستىدىن يۈك چۈشكەندەك ئۇزىنى يىنىك سەزدى ۋە دىدىللاشقان ھالدا مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى، ئوزى بىلگەن ئوقۇتقۇچىلارنى، سىنىپ مەسئۇلىنى، قاچان پۈتتۈرگەنلىگىنى بىر — بىرلەپ ئېيتىپ بەردى.

يىگىت مەخمۇتنىڭ سوزلىرىدىن ئۇنىڭ بىر قەدەر راست ئېيتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. بارغانسېرى ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، كۈلكە بىلەن نۇرلاندى — دە، مۇلايىملىق بىلەن:

— ھەي، ئىككىمىز ساۋاقداش ئىكەنمىز. مەن سىزدىن بىر يىل ئىلگىرى پۈتكۈزگەن ئىكەنمەن. ئۇ چاغلاردا مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى باشلانمىغان ئىدى...... مەنمۇ يىزىغا چۈشۈپ دىخان بولدۇم. مەھەللەم مۇشۇ ئەتراپتا. مىنىڭ بولدۇم، ھازىر كوۋرۇكنى ساقلاش ۋەزىپىسىگە قويۇلدۇم.

— ئىسمىڭىز نىمە؟ — دەپ سورىدى مەخمۇتمۇ كۈلگەن ھالدا دىدىللىك بىلەن، — مىنىڭ ئىسمىم مەخمۇت.

— مىنىڭ ئىسمىم بەختىيار، پالان مۇئەللىم سىنىپ مەسئۇلى ئىدى، — دەپ جاۋاپ بەردى يىگىت ۋە كەينىدىنلا تولىمۇ سېغىنىشلىق — زوقمەن بىر تەلەپپۇز بىلەن:

— ھەي، مەكتەپتىكى چاغلار نىمە دىگەن ئېسىل ئىدى — ھە؟ ئوقۇشنىڭ، مۇئەللىملەرنىڭ قەدرىنى بىلمەپتىكەنمىز. گودەكلىك، ئەمدىلىكتە ئوقۇي دىسەڭ يوق...

— ئىسىت، مەكتەپ تولىمۇ چىرايلىق، گۈزەل ئىدى. ھېلقى گۈلزارلىق، نەشپۈتلۈق باغ ئېسىڭىزدىدۇ؟ كەچلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ مۇزاكىرە قىلىغانلىرىمىز. كوڭۇللۇك پاراڭلارنى سېغىنىشقانلىغىمىز....

— ئېسىمدە، ئېسىمدە... يىگىت مەخمۇتنىڭ سوزلىرىدىن مەكتەپھاياتىنىڭ ئەڭ گۈزەل شىرىن خاتىرىلىرىنى ئەسكە ئالدى — دە، گويا شاراپ كەيپىنى سۈرۈۋاتقاندەك، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، كوزىنى بىر پەسكە يۇمۇپ، تاماغا يولەنگىنىچە سۈكۈتكە چۆمدى.

بىر ھازادىن كىيىن، جىددى تۈس ئالغان ھالدا:

— ھەي ئىسىت، ئاڭلىسام ئەندى مەكتەپنىڭ ئىچىدە بالىلار ئىككى تەرەپكە بولۇنۇپ بىر — بىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقانمىش. گۈلزارلار، باغلارمۇ چەيلىنىپ خاراپمىش، ئوقۇتقۇچى، ئۇستازلارنىڭ گىپىنى ئاڭلاشمايدىكەن. ھەتتا كوپۈنچىلىرى تارتىپ چىقىرىلىپ نەزەربەنتتە ئىمىش... ھەي، نىمىلەر بولۇپ كىتىپ باردۇ. ھىچ چۈشەنگىلى بولمايدۇ!

— راست، مەنمۇ شۇنداق ئاڭلىدىم. مەكتەپ تۇرماق، ھازىر يىزىلارمۇ شۇنداق

بولۇپ كىتىپ بارامدۇ ، مەسىلەن : بىزنىڭ
مەھەللىنى ئالساق ...

— تېخى ئوتكەن ئايدا ، — دەپ مەخمۇت-
نىڭ گېپىنى بولۇۋەتتى بەختىيار ،— كۇندۇزى
كوۋرۇكتە پوست قىلىپ تۇرسام ، ئوي — سە-
رەمجان بېسىلغان بىر پىكىلو ھارۋا ئوتتى،
قارىسام ھېلىقى پىشقەدەم ماتېماتىكا ئوقۇت-
قۇچىمىز كىلىۋاتامدۇ ؟ ھارۋىدا خوتۇن- بال-
لىرى بار . ئارقىسىدىكى بىر كىچىك قول تىر-
اكتوردا بەش - ئالتە نەپەر خۇگۇۋېيىڭلار
بار ئىكەن. مۇئەللىم تولىمۇ مەيۇس ئىدى.
مېنى كورۇپ تولىمۇ مىسكىن ھالدا كۇلۇم-
سىرىدى . ھەيران بولۇپ ، ئالدىغا بېرىپ
ھال — ئەھۋال سوراي دىگىچە ، ھېلىقى خۇگ-
ۋېيىڭلاردىن بىرسى توسۇپ :

— بۇ تارىخى بۇزۇق ئۇنسۇر، سوزلۇ-
شۇشكە بولمايدۇ . قالپاق كەي-
دۇرۇلۇپ يېزىغا قوغلاندى . ئاپىرىپ قو-
يۇشقا مەسئۇل بولۇپ كىتىۋاتىمىز دىمەسمۇ؟
يۇرۇكۇم ۋاژژىدە قىلىپ ئىچىشىپ كەتتى .
تولىمۇ ئىچىندىم. ئەجەپ ياخشى ئۇستاز ئىدى.
تەلمۇرۇشۇپلا ئايرىلىشتۇق.

ئارىنى ئېغىر سوكۇت باستى. يىراقلاردىن
تۇن جىم - جىتلىغىنى بۇزۇپ ئىتلارنىڭ ھاۋ-
شوشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، دەريامۇ ئېچە-
نىشلىق موڭ — ئەلەمنى تارقىتىۋاتقاندەك ئاس-
تاغىنا شىرىلدايتتى.

— باياقى گەپلىرىڭدە بىر ئاز سەۋەنلىك
باردەك قىلىدۇ، — يىگىت سوكۇتتىن باش كو-
تۇرۇپ مەخمۇتقا قارىغىنىچە كوڭۇل گەپلىرىنى
ئېيتىشقا باشلىدى،—سېنىڭ گېپىڭدىمۇ ھەقىقەت
بار. دەرۋەقە كىچىسى، تونۇشتۇرۇشسىز ماڭ-
غانلىكى ئادەم بۇزۇق، ئوغرى بولماسلىقىمۇ مۇم-
كىن، قانداق قىلىسەن، مۇشۇنداق قارىسىغا
ھوكۇم قىلىش ھازىر بىزدە مۇدا بولۇپ قالدى
ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭغا ماسلاشمىسالىڭ، ھاياتلىق يو-
لۇڭدا پۇت تىرەپ تۇرالمايسەن، ھە، ساۋاق-
داش، راست گېپىڭنى ئېيتقىنا، زادى سەن بۇ
تۇن كېچىدە نىمانداق موكۇپ — چوكۇپ يۇرىي-
سەن؟

× × ×

— ھەي ۋاپاسىز پەلەك !-دەپ خىتاپ قىل-
غان ئىدى مەخمۇت كوڭلىدە ئوز — ئوزىگە پىچ-
غان بىلەن پىچىرلاپ،- جاھاننىڭ ئىشى ئەم-
دى مۇشۇلا بولسا، ھايات كوچۇرۇش بىر گەپ
بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. ئادەملەر بىر-
بىرىگە نىمە دىگەن ۋاپاسىز، شەپقەتسىز ۋە
ئىككى يۇز - ھە! ياخشى ئادەملەرمۇ قالغان-
مىدۇ؟.

شۇ مەزگىللەردە، ئوزى ياشاپ تۇرغان تۇر-
مۇش ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان زىددىيەتلىك ئىش-
لار - رىئاللىق، ئۇنىڭ روھى دۇنياسىدا مانا
مۇشۇنداق سوئاللىنى قويۇشقا سەۋەپ بولغان ئىدى.

شۇ كۇنلەردە «مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى» نىڭ
بوران - چاپقۇنلىرى ھەممىلا يەرگە يامراپ،
مەخمۇتلارنىڭ مەھەللىسىمۇ بۇنىڭ تەسىرىدىن
چەتتە قالالمىدى. بىر توپ "ئىمپيانچى" لار
پەيتتىن پايدىلىنىپ دادۇينىڭ ھوقۇقىنى
تارتىۋېلىشتى. ئارقىدىن شياۋدۇينىڭمۇ ھوقۇ-
قىنى تارتىۋېلىشتى - دە، بۇ ھوقۇق تارتى-
ۋېلىشنى قانۇنلاشتۇرۇشقا كىرىشىتى. دادۇي-
نىڭ پىشقەدەم مەسئۇلى توختىكامنى ئاغدۇرۇپ
تاشلىغان بولۇشتى - دە، ئۇنى كېچىلىرى كۇ-
رەش - پىپەن، كۇندۇزلىرى ئېغىر ئەمگەكلەر
بىلەن ئازاپلاشتى.

مەخمۇت كوز ئالدىدا يۇز بىرىۋاتقان بۇ
ناھەقچىلىقلاردىن قان - زەرداپ يۇتاتتى. ئۇ
قانداقمۇ قان - زەرداپ يۇتماي تۇرالىسۇن.
"قازاننىڭ كوزى ئۇن توققۇز" دىگەن كىشىلەر
ئارىسىدىكى تەمسىل ئادەمنى تولىمۇ ھەيران

قالدۇرىدۇ.

مۇشۇ ھەركەتلەر يۈز بېرىۋاتقان بىر يىل بۇرۇن توختىكامنىڭ قەدىناس ئاياللى - مەخمۇتنىڭ مېھرىۋان ئانىسى ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كەتتى. دىمەك ئاتا - بالا (مەخمۇت يالغۇز ئوغۇل ئىدى) تىككەندەك يالغۇز قېلىپ، ئاشتامىقىلىرىنى ئۆزى ئېتىپ يەيدىغان بولۇشتى. توختىكام كۈندۈزى دادۇيىنىڭ ئىشلىرى بىلەن، مەخمۇت مەكتەپتىن يېرىمىغا قايتقاندىن كېيىن، قاتتىق قول دادىسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن دۇيىنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى ۋە تىراكتور، ماشىنا- سايمان رېمونتلاش ئىشلىرىنى قىلىش بىلەن بولسا، كەچلىرى تاماق ئېتىش، ئۆي ئىشلىرى بىلەن جاپالىق كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. ئەنە شۇنداق بىر پەيتتە «مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى» باشلىنىپ بېشىغا بۇ قارا كۈنلەر چۈشتى.

توختىكام بولسا ئازاتلىقتىن كېيىنلا، پارتىيىمىز رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ھەربىر باسقۇچلۇق ئىجتىمائى ئىنقىلاپلاردا، ئالدىدا باشلامچىلىق بىلەن مېڭىپ، ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچىنى، ئېقىل - پاراسىتىنى خەلقنىڭ خىزمىتىگە بېغىشلىغان ئىدى. ئۇ، دېھقانلار ئويۇشمىسىنىڭ جۈرىنى، سوكچاك، زۇجاك، كوپىراتسىيىنىڭ جۈرىنى، گوڭشېلاشقاندا دادۇيجاك، دادۇي زىبۇ شۇجىلىق ۋەزىپىلىرىنى ئىشلەپ كەلدى. دېھقانلارغا خاس ساددە، ئاق كۆڭۈل، مېجەزى، خىزمەتتىكى راستچىل - ئادىللىقى، پۇختا - ئەمىلىيەتچانلىقى، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ۋە دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى چۈشۈنۈشتە ماھىرلىقى بىلەن ئاممىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن، ئىشەنچ-ھورمىتىگە ئىگە بولغان ئوبدان بىر يېزا ئاسالىمى قاتلام كادىرى ئىدى. دادۇي، ھەتتا گوڭشې بويىچە ئەر - ئايال، ياش قېرى دېھقانلار، كادىرلار توختىكامنى ئەنە شۇنداق سۆيەت بىلەن تونۇپ ھورمەتلىشەتتى...

ئەمدىلىكتە بولسا ئۇشتۇمتۇت بىر قارا قۇيۇن پەيدا بولۇۋىدى، ھەممە ئادەم توختىكامنى تونۇماس بولدى. كورسە قاچىدىغان، ئالاقە قىلىشتىن ئەيمىنىدىغان بولۇشتى. بەزىلەر "پۇرسەت كەلدى» دەپ شۇنداق قىلسا، بەزىلەر ئۆزىگە گەپ كېلىپ قېلىشتىن قورقۇپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقان بولىشاتتى. بىرقىسىملار ئاپتاپپەرەستلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشاتتى... پەقەت ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا، مۈكۈپ-چوكۇپ دېگىندەك ھال-ئەھۋال سوراپ تۇرغان بولدى. شۇندا قىممۇ تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىشاتتى. ئەگەر "ئىسيانچى"لار بىلىپ قالسا "قارا يىپ بىلەن مۇناسىۋەت قىلدى»،دەپ چېتىلىپ "قارا يىپ» قىلىپقويۇلاتتى. شۇڭا دادۇينى بىر سۈرلۈك ۋەھىمە قاپلاپ كەتكەن ئىدى.

توختىكام ۋە مەخمۇتلارغا ھەممىدىن بەك ئېغىر كەلگىنى، تارتىپ چىقىرىلىپ، "تارىخى بۇزۇق ئۈنسۇر، سوتسىيالىزىمغا قارشى شيۇجېڭجۇيىچى ئۈنسۇر» دىگەن گۇنالار بىلەن كۈرەش، پىپەن قىلىنغان چاغلاردا، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىدىغان كىشىلەردىن بىرەرسى چىقىپ "ئۇنداق ئەمەس، توغرىسى ماۋۇ» دىمىدى. ھەتتا بىر ئۇچۇم كىشىلەرگە ئەگىشىپ "راست دەپ قاراپ تۇرۇشتى ۋە ياكى قوللىرىنى كوتىرىشىپ ۋاقىراپ توختىكامنى سېستىۋېتىدىغان» شوئارلارغا قوشۇلۇپ تۈۋلاشتى.

ھوقۇق تارتىۋالغانلار بۇ ئائىلىنى گالدىن، جىسمانى - روھى جەھەتتىن شۇنداق قىستىكى، ئۇلار بېشىغا چۈشكەن بۇ قىسمەتكە ئاران - ئاران چىداپ يۈرۈشتى. باشقىلارغا بىر كىشىلىك ئىش بېرىلسە، توختىكام، مەخمۇتلارغا، باي دېھقان، پومېشچىك " ئۈنسۇر "لار

بىلەن ئوخشاش قاتاردا 3 ـ 4 كىشىلىك ئىش بولۇشتى.

× × ×

ئۇلار 1976 ـ يىل ئاپرىل ئېيىنىڭ مەلۇم كۈنىدە بىر قېتىم قاتتىق توقۇنۇشۇپ قالدى. باھارنىڭ باشلىنىشى بىلەن قار ـ مۇزلار ئېرىگەنلىكتىن، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر لايقا ئەگىز سۇلىرى بىلەن تولماقتا ئىدى. يەرلەر يۇمشاپ ئوت ـ چۆپلەر، كۆزگى بۇغداي مايسىلىرى ھاياتى ئىنتىلىشى بىلەن، كىچىككىنە يېشىل ياپراقچىلىرىنى زېمىن ئۈستىگە يېيىشىپ قوياش ئاپتىۋىغا قاقلايتتى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ چىقىپ تۇرىدىغان قۇرغاق باھار شاماللىرى ئەمدىلا بىخلىنىشكە باشلىغان يۇمران سوگەت تاللىرىنى، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ نوتىلىرىنى ۋە ھور كوتۇرۇلۇپ تۇرغان مۇنبەت دالانى "ئىرىنچەكلىك بىلەن ياتماي، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ ھەركەتلەنسەڭلارچۇ؟" دېگەندەك، سىلكىتىپ ئوتەتتى. قىزىل سىر بىلەن سىرلانغان ئىككى قانات تىلىق چوڭ دەرۋازىلىق، ئالدى تەرىپى ياغاچ رىشاتكىلار بىلەن توسۇلغان دادۇينىڭ چوڭ قۇلۇپى يىراقتىن ئاپپاق بولۇپ كوزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. دەرۋازىدىن قۇلۇپ ئىشىكىگە ئۇدۇل تارتىلغان يولنىڭ ئۈستىدە ئۈزۈم بىدىش بولۇپ، قىشتا كومۇلگەن تاللارنىڭ تىزراق ئېچىلىپ ئۈستىدىن جاي ئېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

دادۇي، شياۋدۇي كادىرلىرى ئۇقتۇرۇشقا بىنائەن ئاران چۈشكە يېقىن يىغىلىپ بولۇشقان، ئەمدىلىكتە، قۇلۇپنىڭ يېنىدىكى چوڭ ئوي ـ دادۇي ئىشخانىسىدا يىغىن ئېچىلىۋاتاتتى. يىغىن شۇ پەيتتە جىددى باسقۇچتا ئىدى.

ـ بۇ مەسىلە، ـ دەيتتى ئەكبەر، يىغىن سورۇنىدا ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان 20 دىن ئارتۇق كىشىگە بىر قۇر كوز يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ، ـ ناھايىتى مۇھىم مەسىلە، ئۇنىڭ مۇھىملىقى شۇكى...

ئەكبەر ھەر بىر جۈملىنىڭ ئارىلىغىدا "ھە! ھە!" دېگەن تەھدىت ئالامىتى چىقىپ تۇرغان قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن، سوزىنى داۋام قىلىۋاتقاندا، كوزى توختىماي، تۇرقىدىن ھېچقانداق ئىپادىنى بىلگىلى بولمايدىغان، تەمكىن، لېكىن بىر ئاز جىددى چىراي، 55 ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بوي، ئۇشكە ساقال بىر كىشىگە ـ دادۇي زىبۇ شۇجى، دادۇي مۇدىرى توختىكامغا چۈشتى ـ دە، كوزلىرى ئۇنىڭ تەرسالىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان كوزلىرى بىلەن ئۇچراشتى ۋە تاشقا تاش چېقىلغاندەك نىمىشقىدۇ چوچۇپ كەتتى. بىر ئاز ھودۇقتى. چۈنكى ئەكبەر نىمىشقىدۇ بۇ ئادەمدىن ئۆزىچە ئەيمىنگەندەك بولاتتى.

تومۇركوك سارجىدىن ياراشتۇرۇپ، "جۇڭسەنفۇ" پورمىسىدا شىم ـ چاپان كەيگەن، ئارقىسىغا قىلىپ سىلىق تارالغان، يالتىراپ تۇرغان چاچلىرى، ئاق ئوڭلۈك چىرايىغا خېلى ئىسكەت بېغىشلىغان، قېلىن قارا قاشلىرى، تۇرقىدىن زىيادە مەن ـ مەنلىكى چىقىپ تۇرسىمۇ لېكىن مەنتىقىلىق ـ يېقىملىق گەپ ـ سوزلىرى كىشىنى ئۆزىگە ئىختىيارسىز تارتىپ تۇرىدىغان 23 ياشلاردىكى بۇ يىگىت، نىمىشقىدۇ بىر كورگەن كىشىدە ئىختىيارسىز زوق قوزغايتتى. بۇ يىگىت ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، ۋىلايەتتە ئېچىلغان تەرجىمانلار مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مۇشۇ گۇڭشې پارتكومغا تەرجىمان بولۇپ كەلگەندىن بۇيان ئىشلەپ يۈرەتتى. تېخى ئالدىنقى يىلى ناھىيىلىك سودا ئىدارە كادىرلار بولۇم گۇجاڭلىقىدىن مۇشۇ گۇڭشې داڭۋېيىنىڭ بىرىنچى قول شۇجىلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن ياڭجىۋىنگە بىر

مەزگىل تەرجىمانلىق قىلىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭغا ياراپ قالدى. «قاۋۇل، قابىلىيەتلىك، ئىستىقباللىق ياش كادىر» دەپ ماختايتتى باشلىقلارغا. شۇڭا بۇ يىل ئۇنى «پۇشۇرۇش» يۈزىسىدىن بۇ دادۈيگە ۋاقىتلىق چۈشۈردى. (تېگىنى ئېيتقاندا ياڭ شۇجىنىڭ ۋاقىتىسى ئىدى).

ئەكبەر ئىككى ـ ئۈچ سىكۇنت توختىمىكامغا قاراپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، يەنە غۇۋژىدە ئاچچىغى كەلگەن هالدا ئۇنى مەنسىتمىگەندەك، باشقا ياققا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

ـ بۇ قېتىم ياڭ شۇجى، داجەيگە ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ۋاقىتلىق جايلارغا بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ تەجرىبە ئاشۇرۇپ كەلدى. ئەندىلىكتە ئەشۇ تەجرىبىلەرنى كۆڭۈلدىكىدەك ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ...

ئۇ سۆزلىگىلى بىر سائەتتىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرى دۈيلەرنىڭ كونكرېت ئەمەلىي ئىشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلمەي، ئەكسىچە، ئولتۇرغانلارغا چۈشۈنۈش قىيىن بولغان، پەلسەپىلىك سىياسىي پورمىلا، ئىبارىلەر بىلەن تولغان ئىدى. يىغىن ئورنىنىڭ ئۇيەر، بۇ يېرىدىن خورەك ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. كىچىلىرى ئەزالار بىلەن دولقۇن قوزغاپ چارچاپ كەتكەن شىياۋدۈيجاڭلار «پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ» ئۇيقۇغا تىكىشكەن ئىدى.

ئەكبەرنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى، بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ ئاچچىق شورىغان هالدا:

ـ ئىنقىلاپ داۋلىلىرىنى چۈشۈنۈۋېلىشقا تىرىشمايدۇ. مەدەنىيەت ئۆگىنىشمەيدۇ. ئەتىدىن ـ كەچكىچە قارنىنى تاتىلىشىپ ئۇخلىغىنى ـ ئۇخلىغان. دۈيگە بارغاندا خىزمەت

لەرنى ئىزچىللاشتۇرمايدۇ. مۇشۇمۇ دۈيجاڭ، بۇ كالۋاڭلار بىلەن قانداقمۇ زامانىۋى سوتسىيالىستىك يېزا قۇرغىلى بولىدۇ. هەي، قايسىڭلار خورەك تارتقان!؟ ـ دېدى توختىكام ئەتىدىن بېرى ئۆزىنى زورغا بېسىپ ئولتۇرغان ئىدى. بۈگۈنلا ئەمەس، ئەكبەر بۇ دادۈيگە ۋاچان كەلدى، شۇندىن باشلاپ ئۆزىنى بېسىپ كەلدى. چۈنكى ئۇ كېلىپ ئەتىسىلا ئۇنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن ھېساپلاشمايدىغان، ئىشتىن خەۋىرى يوق بىر كورەڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان. ھەدىگەندىلا ئۇنىڭ بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ يۈرگەن. چۈنكى ئۇ يەرلىك كادىر، ئەگەر توقۇنۇش يۈز بەرسە «يۇقۇرىدىن ياردەم بەرگىلى كەلگەنلەرنى سىغدۇرمىدى» دېگەن گەپلەر چىقىدۇ، ئىتتىپاقلىققا يامان تەسىر بېرىپ قويىدۇ. لېكىن توختىكام ۋاچانلا بولمىسۇن ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم توقۇنۇشۇپ قالىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ھېس قىلىپ يۈرەتتى. شۇنچە ئۆزىنى تۇتىۋالغان بولسىمۇ بولمىدى. بۈگۈن بولىدىغان ئىش بولدى.

ـ ئۇكام، ـ دېدى توختىكام تەمكىن ۋە يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، ـ بۇلاردىن ئاغرىنغىلى بولمايدۇ. بۇلار دىخانچىلىق ئىچىدە ئۆسكەنلەر، ئەمەلىي ئىشلارغا ئۇستەك قانداق؟

ـ توختى شۇجى، ـ دېدى ئەكبەرمۇ بىر خىل تەكەببۇرانە كۈلۈمسىرەش بىلەن توختىكامنى زاڭلىق قىلغاندەك، ـ ئەمەلىيەتلا دەيسىز، پارتىيە كادىرلىرى نەزەرىيىنى بىلمىسە بولامدۇ؟ شۇڭا ئىشلىرىمىز مۇشۇنداق راۋاج تاپمايدۇ.

ـ بولدى، بولدى ئىنىم، قالغان گەپنى قويايلى، قېنى داجەيدىن ئۆگۈنۈشتە قانداق ئۆگۈنۈمىز، نېمە تەجرىبىلەرنى ئەمەلىلەشتۈرۈمىز، شۇنى دېيىشەيلىمۇ؟ ئەكبەر توختىكامنىڭ

بۇ سوزلىرىگە ئىختىيارسىز مايىل بولغان ھال-
دا قوشۇلدى - دە، بولىدۇ،-دېدى ۋەكونكىرت-
ئىشلارغا ئوتكەن بولدى.

— ياڭ شۇجى ماڭا بۇ نۆۋەت مۇنۇ ئىككى
تۈرلۈك مۇھىم ئىشنى ھازىردىن باشلاپ ئىز-
چىللاشتۇرۇشنى تاپشۇردى. بىرىنچىسى داجەي-
چە ئېتىزلارنى ئومۇملاشتۇرۇش، بۇ جەھەتتە
2 -ۋە 5 - دۈيلەرنىڭ يەر ئورنى بىر ئاز ئې-
گىزرەك جايلاشقان. پەلەمپەي ئېتىزلارنى يا-
ساشقا قولايلىق. ھازىردىن باشلاپ مۇشۇ دۈي-
لەرنى تۇتۇپ ئۆلگە يارىتىپ ئاندىن كۆكشى
بويىچە كېڭەيتىش. ئىككىنچىسى قۇرغاقچىلىق
مەسىلىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، قومرىق
دەرياسىدىن بىر باش ئېلىپ، ئاق سايىنى يې-
رىپ ئوستەڭ چىقىرىپ سۇ ئەپكىلىش. بۇ ئىش
مۇندىن بۇرۇنمۇ ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئا-
را يولدا قالدى. دېمەك بۇ ئالدىنقىلارنىڭ،
ئامىمىنىڭ ئىنقىلاۋي ئىرادىسىگە ئوبدان يې-
تەكچىلىك قىلالمىغانلىقىدىن بولغان. بىز بۇ
ئىشنى قىلىشقا بەل باغلىشىمىز لازىم. بۇئوس-
تەڭ چېپىلىپ سۇ كەلتۈرۈلسە، سۇ مەسىلىسى
تولۇق ھەل بولۇشتىن سىرت، مەھەللىنىڭ ئوت-
تۇرىسىدىكىسازلىقنىڭ ئايىغىنى كوپتۇرۇپ سۇ
ئامبىرى قىلىنىپ، ئاشقان سۇلار توپلانسا، بۇ
يەرلەر ئاشلىق كانىغا ئايلاندى دېگەن سوز،-
ئەكبەر تولىمۇ ئىلھاملانغان ھالدا، بۇسوزلەر-
لەرنى دەۋاتقاندا، كوز ئالدىدىن چەكسىز كەت-
كەن ئېتىزلار، دولقۇنلاپ تۇرغان مايسىلاركى-
نو لىنتىسىدەك ئوتۇشكە باشلىدى. ئاخىرىدا
ئۇ، بۇ ئىشلار ھازىردىن باشلاپ ئىزچىللاش-
تۇرۇلۇشى كېرەك. باشقاھەر قانداق ئىشلار توخ-
تاپ قېلىشقا بولىدۇكى بۇ ئىشلارنى بىر مې-
نۇتمۇ كېچىكتۇرۇشكە- توختۇتۇشقا بولمايدۇ.
قېنى بىر - بىرلەپ مۇزاكىرە قىلىپ ئەمەلى-
لەشتۇرەيلى دەپ سوزىنى تۈگەتتى.

ئەكبەر "ئەمەللەشتۇرەيلى!» دېگەن سوزنى
شۇنداق بىر تەلەپپۇز بىلەن ئېيتتىكى، ئۇ-
نىڭدىن "غىڭ - پىڭ قىلماي شەرتسىز ئىجرا
قىلىسەن! دېگەن مەنا ئۇزلىگىدىن چىقىپ تۇ-
راتتى.

يىغىن ئورنىنى ئېغىر جىمجىتلىق باستى.
ھېلىقى خورەكلەرمۇ ئۇزلىگىدىن توختاپ، ھەم-
مەيلەن سەگەكلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار بىر-
بىرىگە ھەيران بولغان ھالدا قارىشاتتى. ھېچ-
كىم ئۈندىمىدى. ئاخىرى توختىكام ئېغىز ئاچ-
تى:

—بۇ پىلان مەھەللىمىزنىڭ ئەمەلى ئەھۋالى-
غا ئۇيغۇن ئەمەس. قىشتا ناھىيىدە ئېچىلغان
4 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا، ناھىيىنىڭ
بىرىنچى شۇجىسى "داجەيدىن ئۆگەنگەندەشەك-
لەن ئۆگەنمەي، ئۇنىڭ روھىدىن ئۆگىنىش "
دېگەن ئىدى. بىزنىڭ بۇ يەرلىرىمىز تاغلىق
ياكى قىيپاش يانتۇ يەرلەر ئەمەس، ئاساسەن
تۈز يەرلەر، شۇڭا پەلەمپەي ئېتىز ياساپ كۈچ-
نى ئىسراپ قىلىشقا بولمايدۇ. مۇھىمى كۈچنى
ئوغۇت توپلاش، ئېتىزلارنى مەيدانلاشتۇرۇش،
ئېرىق - ئوستەڭ، يوللارنى ياساش، ئورمان
تىكىش... قاتارلىق ئاساسلىق ئىشلارغا قارىتىپ، يۇ-
قىرى مەھسۇلات ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلسا قىمۇ
داجەيدىن ئۆگەنگەن بولارمىز؟!...

—بولدى، بولدى! قويۇڭگىپىڭىزنى! ئەزەلدىن
سىز بۇ دادۈيگە "سۇمۇ ئوتكۇزمەي، ئوتمۇ تەك-
كۇزمەي» كىلىۋاتقان بىر بەگ بولۇپ كىلىۋا-
تىسىز! سىزدىكى ئېغىر ئوڭچىللىق خاھىشى
ئاقىۋەت...

— توختاپ تۇرۇڭ ئۇكام،- دېدى توختىكام
يەنە ئارىدا ھېچنىمە بولمىغاندەك كۈلۈپ تۇ-
رۇپ،- مەنمۇ گېپىمنى دەۋالاي، مېنى نىمەدې-
سىڭىزمۇ دەڭ، ئەتىلا يوقىتىپ تاشلىسىڭىزمۇ
تاشلاڭ، لېكىن پىلان ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغى-

نى ياخشى، ھىلىقى ئۇستەڭگە كەلسەك، بۇقۇمغا سالغان ئىمارەتتەك بىر گەپ. مۇندىن بۇرۇنمۇ بىر قانچە دادۇيلەر بىرلىشىپ بىر يىل ھەپىلىشىپ تاشلاپ قويغان. چۈنكى ئەسلىدە ئۇستەڭنىڭ ئورنى خاتا پىلانلانغان. بەربىر سۇ چىقمايدۇ. ناۋادا چىققاندىمۇ ئۇستەڭ ئېگىز-تېرىلغۇ يەرلەر توۋەن. ئەگەر ھىلىقى سازلىق ئامبارغا ئايلاندۇرۇلسا ئاپەت كېلىپ چىقىدۇ، يەنى مەھەللىمىزنىڭ تەبىئى ئوتلۇغى ۋەيران بولىدۇ ھەم تېرىلغۇ يەرلىرى زەيلەپ تۈگىشىدۇ. بۇ جەھەتتە ۋىلايەتلىك سۇ ئىدارىسىنىڭ ئىنژېنېرلىرى ئوتكەن يىل يازدا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇستەڭنىڭ ۋە ئامبارنىڭ لايىھىلىنىشى ئەمەلىيەتكە ۋە تېخنىكىغا ئۇيغۇن ئەمەس دەپ مۇقىملاشتۇردى ھەمدە ئەسلىدىكى ئۇستەڭنى تۈز قىلىپ يېڭىدىن تېخنىكا تەلەپكە ئۇيغۇن قىلىپ ياساشنى، ھەر بىر دۇيدە 2 ـ 3 كىچىك فونتان قۇدۇق قېزىپ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لايىھىسىنى قويدى. بۇ لايىھە قىشتا، 4 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللانغان....

—بۇ ئىشلاردىن ياڭ شۇجىنىڭ خەۋىرى يوق. ئۇ بولسا گۇڭشېنىڭ بىرىنچى قولى... ئەكبەر غەزىۋىدىن قىپ ـ قىزىل بولۇپ كوپكەن ھالدا قايناپ كەتتى،-بۇ تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىشتا ئادەمنىڭ ئىنقىلاۋى ئىرادىسىنى، سوتسىيالىزىم قۇرۇشتا كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى سىنايدىغان بىر سىناق. بۇ پارتىيىنىڭ يولىيورۇغى. بۇنى ئىجرا قىلمىغانلىق، پارتىيىنىڭ يوليورۇغىنى ئىجرا قىلمىغانلىق ـ شىيۇجىڭجۇيىلىق قىلغانلىق ...

ــ توغرا، ئۇ چاغدا ياڭ شۇجى ئىچكى ئولكىلەردە ئېكىسكۇرسىيىدە ئىدى. شۇڭا قاتنىشالمىغان. لېكىن پىلاننى كورسە كېرەك.

— كورگەن بىلەن ياڭ شۇجىنىڭ كاللىسىدىن ئوتمىدى. ئۇنىڭدا ئوڭچىل بىر خاھىش بارلىغىنى ھىس قىلىپ، بۇ يېڭى پىلاننى ئوتتۇرىغا قويدى.

ــ ھىم. ـ توختىكام ئەندى مىڭلىغان ئادەمنىڭ ھايات ـ ماماتلىق مەنپەئەتىگە چېتىش بۇ ئىش ئۈستىدە مۇرەسسە قىلىنىلىشى بولمايدىغانلىغىنى ھىس قىلدى ـ دە، دو ـ دۇقلىماستىن تۇرۇپ رەت قىلدى.

ــ ياڭ شوجى، ئالدى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ، ئەمىلىيەتنى كورۇپ بېقىشى، بۇ ئىشنى ئىجرا قىلىدىغانلار بىلەن كېڭىشىپ بېقىشى كېرەك ئىدى. بۇ يەرنىڭ ئىشىغا مېنى مەسئۇل قىلغان ئىكەن، مەن جاۋاپكار ئورۇندا تۇرۇمەن. شۇڭا بۇ ئىشقا يېنىكلىك قىلالمايمەن. مەن گۇڭشېغا بېرىپ ياڭ شۇجى بىلەن كورۇشۇپ باقاي. ھازىرچە يىغىننى شۇ يەردە توختىتايلى.

يىغىندىكىلەر گودوڭلاشقان ھالدا بىر ـ بىرلەپ تارقىلىشقا باشلىدى. ئەكبەر بۇ تەرسا ئادەمنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىگەنلىكىگە غەزەپ ئېشىپ، نىمە قىلارىنى بىلمىگەن ھالدا ئىشخانىدا يالغۇزلا تۇرۇپ قالدى.

× ×

ــ ئۇنىڭ ھىلىقى تارىخى مەسىلىسى ئېنىقلاندىمۇ ؟ ـ دەپ سورىدى ئەكبەر، ئۇدۇلدا ئولتۇرغان، كوزلىرىنىڭ ئېقى كوپ، ھەدىگەندىلا كىشىگە كولۇپ يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشىدىغان 36 ياشلار چامىسىدىكى ئابدىسەمەت دىگەن بىرسىدىن.

ــ ئېنىقلىدۇق، دەپ جاۋاپ بەردى ئابدىسەمەت ئوچۇق-ئاشكارا خوشامەت قىلغان ھالدا،-ئۇنىڭ گومىنداڭ دەۋرىدە مۇشۇرا يونىغا بەگ بولغان ئىبراھىمغا مىرزا بولغانلىقى ئېنىقلاندى.

ــ ناھايىتى ياخشى. دىمەك ئۇ، ئەز ـ

گۆچى سىنىپنىڭ قول - چوماقى بولۇپ چىقتى دىگەن سوز . سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپقا چىش - تىرنىقى بىلەن توسقۇنلۇق قىلىپ كەلگەن بۇ جاھىل ئەبلەخكە ، تارىخى مەسىلىسى قوشۇلدى . ئەندى ئۇنى يوشۇرۇنغان سىنىپى دۈشمەن قاتارىدا تارتىپ چىقىرىپ ، ئاممە ئىچىدە كەڭ - كولەملىك كۆرەش قىلىپ ، ئاغدۇرۇپ ، پىيەن قىلىپ سېسىتىۋېتىشكە ھېچقانداق توسالغۇ قالمىدى . يارايسەن ئابدىسىمەت ، يارايسەن . قولۇڭدىن خېلى ئىش كېلىدۇ جۇمۇ سېنىڭ ! تېزدىن ماتىرىيال تەييارلانسۇن . كۆڭشېغا ئۆزەم ئېلىپ كىتىمەن . كۆڭشې ھوقۇق تارتىۋېلىش قوماندانلىق شتاۋىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، سىلەرگە چۈشۈرۈپ بېرىمەن . تەستىق كەلگەن ھامان ، دەرھال ئۇنى ئاممە ئىچىدە پىيەن - كۆرەش قىلىشنى باشلىۋەتسەڭلار بولىدۇ. لېكىن دىققەت قىلىڭلار، ئولۇۋالمىسۇن!

— بولىدۇ ، بولىدۇ ... ئابدىسېمەت خۇشامەتچىلىك بىلەن ھىجايغان ھالدا ئەكبەردىن بىر نەرسە تاما قىلغاندەك قاراپ قالدى .

— ھە نىمە گەپ بار يەنە...

— توختىنى تارتىپ چىقارساق، ئورنى بوش قالىدۇ . دادۈيدىمۇ ھوقۇق تارتىۋېلىش قوماندانلىق شتاۋى قۇرۇپ بىرسىنى مەسئۇل قىلىمىزمۇ - قانداق ؟

— ھە، شۇ گەپمىدى . گۇڭشې قوماندانلىق شتاۋىنىڭ مەسئۇلى مەن بولغاندىن كېيىن بىر گەپ بولمامدۇ ؟

× ×

شىلڭ شىسەينىڭ دەۋرىدە موشۇ رايون تەۋەسىدە بىردىن - بىر يېگانە مەكتەپ قۇرۇلغان ئىدى . لېكىن كىشىلەردىكى خوراپىلىق ئېغىر بولغاچقا بالىلىرىنى بەرمىگەچ مەجبۇرى ئوقۇغۇچى قوبۇللاپ يۈرۈشتى . بۇلۇپمۇ بايلار بۇنداق مەكتەپتىن بالىلىرىنى قاچۇرۇپ موللا قىلىشنى خالايتتى. شۇڭا بىر باينىڭ بالىسىنىڭ ئورنىغا تۇتۇپ بېرىلگەن توختىكام بالىلىق دەۋرىدە موشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ 4 - سىنىپنى تۈگەتتى . قايتىپ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا قاتناشتى. ئاتا - ئانىسى ئولۇپ كەتكەندىن كېيىن ھىمايىسىز قېلىپ تىنەپ كەتكەن توختىكام ، تۇرمۇش مەجبۇرىيىتىدىن ئىبراھىم بەككە مىرزا بولۇپ كىرگەن ئىدى . ئۇ مىرزىلىقمۇ ئەمىلىيەتتە چاكار - مىرزىلىق ئىدى . ئەكبەر پۇرسەت كەلگەنلىكتىن توختىكامنى ” قارا يىپ “. قىلىشتا موشۇ ئىشلاردىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلاندى.

ئابدىسىمەت دىگىنى، بىر چاغلاردىكى ئوپچە ئاشخانا ۋاقتىدا ، موشۇ دادۈينىڭ بىر شياۋدۈيدە كومىنىيەنلىك قىلغان ئادەم ئىدى. ئىككى يىلدەك كومىنىيەن بولۇش جەريانىدا ئاشخانىنىڭ ئۇنلىرىنى ئوغۇرلۇقچە باشقا يەرگە يوتكەپ سېتىپ يۈرۈپ پاش بولغىنى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ ،( بۇنىڭدا ئەلۋەتتە توختىكام باش بولۇپ رول ئوينىغان ئىدى ) دۈيگە نازارەت ئاستىدا ئەمگەككە چۈشۈرۈلگەن . ئەمگەك ھار كېلىپ بىر كېچىدىلا يوقاپ كىتىپ ، شەھەرلەردە قاڭقىپ يۈرگەن ، مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى باشلىنىشى بىلەن تەڭلا مەھەللىگە پەيدا بولدى - دە ، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئەكبەرنىڭ قولتىقىغا چاپلاشتى .

دىگەندەك، ئەكبەر گۇڭشېغا قايتىپ بېرىپلا ئالدى بىلەن توختىكامنىڭ ماتىرىيالىنى ھوقۇق تارتىۋېلىش قوماندانلىق شتاۋىغا قويدى - دە، ئۇنى بارلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ ، ” سوتسىيالىزىمغا قارشى ، تارىخى ئەكسىلـ

ئىنقىلاپچى » دېگەن ئىككى قالپاق ئاستىدا كۆرەش،پىپەن بىلەن ئاغدۇرۇپ ، سېسىتىپ تاشلاش قارارىنى چىقارغۇزدى . ئورنىغا ئابىدىسىمەتنى دادۇي هوقۇق تارتىۋېلىش قۇمانىدانلىق شىتاۋىغا مەسئۇل قىلىپ بېكىتتى. شۇنداق قىلىپ هوقۇقنى ئالغان ئابدىسىمەت قىزغىنلىق بىلەن دادۇي بويىچە كۆرەش ـ پىپەننى قانات يايدۇرۇۋەتتى .

× × ×

ــ ئەندى مېنى توسماڭ، بو ناهەقچىلىقتىن زەرداپ بولۇپ تۆكـۈشۈپ كىتىدىكەنمەن . ياخشىسى باشقا يۇرتلارغا باش ئېلىپ چىقىپ كىتەي .

ــ ئوغلۇم، ـ دېدى ئاتمىشلارغا ئۇلاشقان، بېشىغا كەلگەن دەرت ـ ئەلەملەر ۋە يېقىندىن بېرى قوزغالغان ئاشقازان كېسىلىنىڭ تەسىرىدىن ئاپپاق چاچ ـ ساقاللىق مادارسىز بوۋا يىغا ئايلانغان توختىكام ئوغلىغا يېلىنىپ يىغلامسىرىغان هالدا ، ـ مېنى يالغۇز تاشلاپ كىتەمسىنا ، ئاناڭمۇ ئولۇپ كەتتى . بۇرۇنقى كۈچ ـ قۇۋۋىتىم قالمىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە بېشىمىزغا كەلگەن بۇ كۈنلەر ... ئولۇكۈم ئوز يۇرتۇمدا غېرىپ كىپەن بولۇپ چىقمىسۇن. چىدىغىن، مېنى بىر ياقلىق قىلىپ، ئاندىن خالىغىنىڭنى قىلارسەن .

دادىسىنىڭ ئېچىنىشلىق هالىغا ۋە مىسكىن زارىغا چىدالمىغان مەخمۇت كوز ـ يېشىنى سۈرتكەن هالدا ئىلاجىسىز دادىسىنىڭ يېنىغا ئولتۇردى ـ دە ، ئۇنىڭ تىزىنى سىلاپ تۇرۇپ :

ــ يەتتە ئەزايىم ساق تۇرۇپ ، بىر قانچە يىل ئوقۇپ ئەندىلىكتە «لۇكچەك»، «تارىخى بۇزۇق ئۇنسۇرنىڭ بالىسى» دېگەن ناملارنى ئالغىنىمغا ئېچىنىمەن .

ــ قانداق قىلىمىز ئوغلۇم ، يالغۇز سەنلا ئەمەس ، نى نى ياخشى ئادەملەرنى هەر خىل ناملار بىلەن ياقىغا چىقىرىشتى . نى نى ئادەملەر توهمەت بىلەن ئۇۋالچىلىقتا بورۇختۇم بولۇپ ئولۇپ كېتىۋاتىدۇ ، بۇنى تېخى «ئىنقىلاپ» دېيىشىۋاتىدۇ . كىم بەك ۋاقىرىسا ، كىمنىڭ گېپى قاملاشسا ، شۇ بىرىنچى بولماقتا . بۇگۈن يەنە خاپىلىق تارتقان ئوخشىمامسەن ؟

ــ نىمىسىنى سورايسەن دادا ، بولدى قويە !

ــ نىمە قىلغانىغا شۇنچىلا قىلىپ كىتىدىكەن ؟ زادى نىمە خاپىلىق تارتتىڭ؟ ـ ئوز دەردىنى تارتالمايۋاتقان توختىكام ئوغلىنىڭ يىغانىغا تاقەت قىلالمىدى .

ــ بۇگۈن، ـ دېدى مەخمۇت، ـ ئەتىگەنلىك دولقۇندا ۋەزىپە قىلغان بىر هارۋا كوك يانتاقنى ، دادۇي كادىرلار ئۇلگە تۇتقان ئوغۇت كارىدزىغا توكتۇم ، شۇ ئان ئابدىسىمەت كېلىپ ، ئوتكەندە، مەهەلىدىكىلەرنى شەهەرگە ـ ئەلەم كۈرىشىگە سېلىشتا ئىشلىتىپ بۇزۇلغان تىراكتورنىڭ موتۇرىنى رېمونت قىلىشنى تاپشۇردى . موتۇر چوڭ رېمونتنى تەلەپ قىلغاچقا شەهەردىكى زاۋۇتلار رېمونت قىلىدۇ،دەپ سەۋەپ كورسەتتىم. ئۇ «گېپىمنى رەت قىلىدىغانمۇ؟» دەپ غەزەپلەندى ـ دە ، «ئىش تەقسىماتىغا بويۇن سۇنمىدى» دېگەن گەپ بىلەن ئىشلەۋاتقانلارنى يىغىپ 2 سائەت پىپەن قىلدى . شۇ يەردىلا بوغالتىرنى چاقىرىپ بۇرۇنقى ئەمگەك نومۇرۇمدىن 20 كۈننى ئوچەرگۈزدى . ئۇنىڭغا يانداپ يۇسۇپ تاغامنى پىپەن قىلدى .

ــ هە يۇسۇپ تاغامنى ؟ هوي نىمىشقا؟

ــ سېنىڭ بىلەن ئالاقە قىلىپ يۈرگىنىنى ۋە قىزى سارە بىلەن ئىككىمىزنىڭ توي قىلىشىمىزنى بىلگەندە ، شۇڭا يانپاشقا ئالغىنى كەلگەن .

— نېمە سەۋەپ بىلەن شۇنداق قىلىدىكەن؟

— تاپاي دېسە سەۋەپ تولا . يۇسۇپكامنىڭ ئىككى قويى بوشاپ كېتىپ ئېتىز قىرىغا بېرىپ قالغان ئىكەن . ھېلىمۇ زىرائەتكە تەگمەپتۇ . مۇشۇنى دەستەك قىلىپ ، "سوت ـ سىيالىزمنىڭ ھۇلىنى كولىدى» دېگەن "گۇنا» بىلەن شۇنداق قىلدى . قىلسا گەپ ئىكەن. "پالان چاغدا توخاڭ ئۈنى قىلدى . پۇستانى چاغدا مۇشۇكۇڭ بۇنى قىلدى » دەپ يۈرۈپ "زىيان» ھېساپلاپ، زىمىمىسىگە 200 يۈەن ئارتتى . شۇ مەيداندىلا بىساتىدىكى توخۇ، ئۆردەك ، قوي ـ ئۆچكە ۋە بىر ئىنەك ، ھەممىنى 200 يۈەنگە سۇندۇرۇپ دۈيگە ئالدى .

— ھىم ، يامغۇر تەگمەيدىغان ئوگزا قالمايدىكەندە ئەممىسە ، ـ توختىكام ئېچىنىش بىلەن مەسخىرە ئارىلاش ئاچچىققىنا كۈلۈپ قويدى .

— چوڭراق تىنچلىقمۇ بولمايدىغان بولدىغۇ كىشى ...

— ئاغزىڭىزنى يۇم ئوغلۇم ، ـ دېدى توختىكام ئەندىش ئىچىدە تۇت تامغا قارىغىنچە ، ـ سەن گەپ ياندۇرمىغانسەن .

— ياندۇردۇم ، سەۋزىم قالمىدى . ئابدىسىمەتنىڭ مازلىرىنى كوپچىلىكنىڭ ئالدىدا تىتىۋەتتىم ، قولىدىن كەلسە سولىتىۋەتمەمدۇ !

توختىكام سەراسىمە ئىچىدە :

— ئۇلار نېمە دېيىشتى ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى ، مەخمۇت :

— سېنى ، مېنى چىشلەپ تارتىشتى . "پالان ـ پۇستان قىلىمىز» دېيىشتى. قولىدىن كەلگىنىنى قىلار ، مەنمۇ بۇ جاندىن تويۇپ قالدىم ! دېدى.

توختىكام ئوغلىغا تەنبى ئۆچۈن ئۇمتۇلۇپ، ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— مېنى ئايىشىڭلار زىم ئىدى، بولۇدىغان ئىش بوپتۇ، كەلگەننى كورەرمىز ،ـ توختىكام ئىمنىدۇ ئويلىغان ھالدا ئېغىر بىر خۇرسىندى ـ دە، ئاندىن يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان غەزەپ ـ نەپرىتى بىلەن:

— ئابدىسىمەتلەر ھەققى. ئىنقىلاپچى ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھازىر يوقۇرى ـ تۆۋەن بولۇپ ئاممىتى كىلىپ قالدى. خەلق ئۇلارنى ئاسانلا بىر تەرەپ قىلالايتتى، لېكىن ئۇلار " پۈرولېتارىيات ئىنقىلاپچىسى» دېگەن ئەپچىل چاپانتى كىيىشىۋالدى. خەير، ھەققەت نۇر چاقنايدىغان كۈنلەرمۇ كىلەر، شۇنداق بولسىمۇ سەۋىر قىل، چىدا ، ئولۇكۇم خارلىنىپ قالمىسۇن، ـ دېدى.

× × ×

كۈز شامىلى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدىن قۇرۇپ قالغان ئاخىرقى غازاڭلارنى سىرىپ چۇشۇرمەكتە. مانا، باشلامچى قىشمۇ يېتىپ كەلدى. مەخمۇت بۇ چاغدا چىگرا ھودودى كورۇنمەيدىغان "ئاقساي» ئىنقىلاۋى ئوستىڭىنىڭ ئەمگىكىدە ئىدى.

يېشى 19 لاردىن ھالقىمىغان بولسىمۇ لېكىن 40 لەردىن ھالقىغان كىشىدەك، چىرايلىرى قورۇقلار بىلەن قاپلىنىپ، خۇنۇكلىشىپ كەتكەن. بۇرۇنقى شوخلۇق ـ زىرەكلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان، كەينى ـ كەينىدىن ئۇلۇنۇپ كىلىۋاتقان جىسمانى ۋە روھى بېسىملاردىن كەلگەن ھارغىنلىق، ئۇنىڭ مەرت قەددىنى ئەككەن، ياۋاش، گۇمۇش بىر دېخانغا ئايلانغان ئىدى. ئوستەڭدىكى ئىشىنىڭ ئېغىرلىغى، تاماقنىڭ ناچارلىقى، كۈندۈزى ئېغىر ئىش، ئاخشاملىرى كۈرەش ـ پىپەن، مەسلەتاپشۇرماق... مەخمۇت ئۆچۈن مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تويۇقسىز شۇم خەۋەر كەلدى.

— مەخمۇت، — دېدى بىر كۈنى ئۇنى نازارەت قىلغۇچىلاردىن بىرى ئېچىنغان ۋە خىجالەت بولغان ھالدا، — داداڭ تۈگەپ قاپتۇ، ئۇزۇۋاقتىدا ئۇقتۇرايلى دېسەك، مەسىلە تاپشۇرۇشىڭ ياخشى بولمىدى، بىرىپ كىلەمسەن قانداق؟

— ئاھ جېنىم دادام! — دەپ زارلاندى مەخمۇت شۇئان ئۇنىڭ يىغلاپ يۈرۈپ قۇرۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن "پىلىلدە" ياش ئۇرغۇپ چىقتى، — ئاخىرى غېرىپ كېپەن بولدۇڭما؟

مەخمۇت ئۈستەڭگە ماڭار چاغدا دادىسى "تامىنىڭ پالان بۇلۇڭىدا 600 يۈەن ساقلاپ كەلدىم. ئۆلۈپ — تارتىپ قالسام، ئەلنىڭ قائىدە — يوسۇنلىرىنى قىلىپ بېرىپ، ئاشقىنىنى سەرپ قىلارسەن، ئاناڭ رەھمەتى تويىڭنى كۆرەلمىدى، مەنمۇ قەرزىمنى ئادا قىلالمايدىغان ئوخشايمەن، رازى بول بالام!» دەپ قىلغان ۋەسىيىتىنى ئېسىگە ئالدى.

ئۇ شۇنچە يىراق سايلىقتىن، مەھەللىسىگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالدى. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قەدىرلىك ئۆيى، ئەندى مۇڭلۇق مازارغا ئايلانغان. قېنى ئۇ ئەركىلىتىپ باغرىغا قىسىدىغان مېھرىۋان ئانىسى، قېنى ئۇ قاخشالدەك بولۇپ قالغان، كۆزىدىن ياش تامچىپ تۇرىدىغان قەدىردان دادىسى...

ئۇ كىشىلەردىن تولىمۇ قورقۇنۇچلۇق بولغان، ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئەقلى ئاينىيدىغان خەۋەرنى ئاڭلىدى.

مەخمۇت مەجبۇرى ھالدا ئۈستەڭگە ماڭدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئابدىسەمەت ۋە ئۇنىڭ قۇيرۇقچىلىرى، توختىكامىنىڭ مەھەللە ئىچىدىكى ئابروي — ئېناۋىتىنىڭ تېخىچىلا مەۋجۇتلىقىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا بولغان ھەر تۈرلۈك بېسىمنى كۆپەيتكەن. بىر كۈنى ئۇنى "تارىخى مەسىلىسىنى تاپشۇرمىغان جاھىل ئۇنسۇر» دەپ كۈرەش قىلغان. ئۇز پىكرىدە قاتتىق تۇرغان توختىكامىنى غالجىرلىق بىلەن مۇزغا دەسسەتكەن. ئاخىرىدا سوغۇق ئۆيگە سولىۋەتكەن. بۇ ناھەقچىلىقنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كىلىۋاتقانلىقىغا چىدالمىغان توختىكام ئۆيى ئىچىدە ئىسىرتماق سېلىپ ئۆلىۋالغان. قاباھەتلىك يېرى شۇكى، غالجىرلاشقان ئابدىسەمەت بۇنى ئازدەپ، توختىكامىنىڭ جەسىدىنى دادۇي ئىشخانىسى ئالدىدا ئېسىپ قويۇپ، ئەزالارنى يىغىپ "پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا قارشى چىقىشتا ئېسىلىپ ئۆلىۋېلىش يولى بىلەن ئاداققىچە قارشىلاشقان» دەپ يېپەن قىلدۇرغان. جەسەت ئېسىغلىق پېتى 3 كۈندەك تۇرۇپ قالغان. ئاخىرى بىر قانچە جىگەرلىك كىشىلەر كېچىسى ئۇنى يەرلىكتە قويىۋەتكەن...

— خۇدا! — دەپ پەريات قىلدى مەخمۇت بۇخەۋەرلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — خۇدا بارمۇسەن! ناھەقچىلىقلارنى نىمىشقا كۆزۈڭ كورمەيدۇ! بەندىلىرىڭنى بىر — بىرىگە قاباھەتلىك قىلىشسۇن دەپ ياراتقانمىدىڭ؟! قېنى سېنىڭ ئادىللىقىڭ!...

ئۇنىڭ پەرياتلىرىغا ئىچى سىرىلگەن بىر قانچە مەھەللىداشلىرى، ئۇزلىرىمۇ يىغلاشقان ھالدا تەسەللى ئېيتتى. بىرسى ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى...

— سەۋىر قىل ئۇكام، سەۋىر قىل، خۇداغا ناسازا ئېيتما، يامان بولىدۇ. ئەزەلدىن قىسمەت شۇنداق. خۇدانىڭ قىسمىتىگە رىزا بولمىساڭ، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراقى كېلىدۇ. قانداق قىلىمىز ئەمدى...

— سەۋىر قىلغايمەن! سەۋىر قىلغايمەن! ھۇ سېنى...

مەخمۇتنىڭ شۇ چاغدىكى تۇرقىنى كورۇش ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. ئاغزى كۆپۈكلەنگەن، يالاڭباش ھالدا، دىكابىرنىڭ سوغۇقلىرىنىمۇ سەزمەستىن "ھۇ، سېنى



ھۇ، سېنى» دېگىنىچە دەلدەڭشىپ تۇپراق بېشىغا يول ئالدى. ھېلىمۇ ئالدىغا بىرسى ئۇچرىمىدى. ئۇ كەلگەن پېتى ھوكۇرەپ يىغلىغىنىچە، تۇپراققا ئۆزىنى تاشلىدى، يىغلىدى، قاخشىدى، كىملەرنىدۇ تىللىدى ...

ئۇتۇغانىغا يولىغاندەك قىسمەت، كۈتمىگەن ھالدا ئابدىسىمەتنى تۇپراق بېشىدىن ئۆتىدىغان يول بىلەن ئېلىپ كەلدى. مۇبادا ئۇ كەلمىگەن بولسا، مەخمۇت ئەشۇنداق بىھوش يېتىپ سوغۇققا توڭلاپ قالارمىتىكىن، بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ھالدا، ئۆينا قلاپ تۇرغان، ياخشى جابدۇلغان چىلانتورۇقنى مېنىپ گىدەيگەن ئابدىسىمەت، كىلىپ قالدى ۋە تۇپراق بېشىدا ياتقان مەخمۇتنى تونۇپ قالدى.

— سەن، — دېدى ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ كەلگىنىچە مەخمۇتنىڭ دولىسىدىن قايرىپ تۇرۇپ، -كەچكىچە بۇ يەردە يېتىۋېرەمسەن؟ تېزدىن ئىنقىلاۋى ئۇستەڭدىكى ئىشىڭنى تاپقىن! بولغان ئىش كەتتى، داداڭ جاھىللىق قىلىپ ئۆز بېشىغا چىقتى، ئەندى سەن داداڭدىن ئىبرەت ئېلىپ ياخشى ئۆزگەرگىن!

— ھە! — بىھوش ياتقان مەخمۇت، ئابدىسىمەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلات تەلۋىلەرچە ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئۇنىڭ قورقۇنچلىق تۇرۇقىنى كورگەن ئابدىسىمەتنىڭ پۇت- قولىدا جان قالمىدى — دە، تاتىرىپ كەتتى ۋە قوللىرىنى سوزۇپ "ھۇ، سېنى، ھۇ سېنى" دەپ قىستاپ كېلىۋاتقان مەخمۇتتىن، ئۇزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، مەڭدىگەن ھالدا كەينىگە داجىشقا باشلىدى. ئاخىرى بېرىپ زاراتكارلىقنىڭ قۇرۇق تىمىغا يولۇنۇپ قالدى — دە، جان — جەھلى بىلەن:

— ئۇكام، نېمە قىلماقچىسەن؟ مەن ... مەن ... مەن ... ئادەم بارمۇ! — دەپ ۋاقىرىدى ۋە "تارس" قىلىپ تەككەن مۇشتىنىڭ زەربىدىن يەرگە يىقىلدى. مەخمۇتنىڭ بارماقلىرى توپىغا مىلىنىپ ياتقان ئابدىسىمەتنىڭ سېمىز بويۇنلىرىدىن ئامبۇردەك قىسىۋالغان ئىدى. ئابدىسىمەت ھەدەپ تىپىچەكلەيتتى. بىر ھازادا كوزلىرى ئالىيىپ، ئاغزىدىن

كوپۈكلەر چىقىشقا باشلىغان ئابدىسەمەتنى كۆرگەن مەخمۇت ھوشىغا كەلدى-دە، ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ قويغىنىنى ھېس قىلىپ قورقۇپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىدە ئابدىسەمەتنى «ئۆلدى» دەپ ئويلىغان ئىدى. ئۇ، ئورنىدىن قوزغالدى-دە، ئالىيىپ، تىلىنى چىشلەپ ياتقان ئابدىسەمەتنىڭ «جەسىدى» گە قاراپ سوغۇققىنا بىر كۈلۈپ قويدى. كۆڭلىدىن «بولغۇلۇق بولدى، ئەندى تارتىشىدىغان يېرىم قالمىدى. قاچىمام تۈگۈشمەن» دېگەنلەرنى ئۆتكۈزدى.

ئۇ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىسىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان ئاپپاق قار توزۇقلىرى، ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتقاندەك يۈز-كۆزلىرىنى سۆيمەكتە ئىدى. كۈنمۇ ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. مەخمۇت ئىزىدىن ئۆزىنى ياقىغا ئالمىسا بولمايدىغانلىغىنى چۈشەندى ۋە دەرھال ياندىكى ئورمانلىققا ئۆزىنى ئالدى.

× × ×

بەختىيار چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە، ئىزتىراپ بىلەن:

— ساۋاقدىشىم، ھەقىقەتەنمۇ ساڭا بەختسىزلىك قوشلاپ كېپتۇ. ئۇ قاتقا تىزدىن ئوتتۇۋېلىپ ئۆزەڭنى دالدىغا ئال! يېنىمدا بارى شۇكەن، مانا بۇنى ئالغىن، بىرەر ئىش يۈز بەرسە، كېچىكتىن ئوتتۇم دېگىن، قېنى بول، سېنى مەن كۆرمىدىم، مېنى سەن كۆرمىدىڭ ئەمسە!

ئۇ يېنىدىن بار پۇلى 35 يۈەن ۋە 20 جىڭدەك ئاشلىق بېلىتىنى چىقىرىپ مەخمۇتقا ئۇزاتتى.

— ۋاپادارىم، شەپقەتچىم،— دەپ تىزلاندى مەخمۇت، بەختىيارنىڭ ئالدىدا، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يامغۇردەك قۇيۇلۇشقا باشلىدى.— بۇ ياخشىلىقىڭنى نېمەم بىلەن ياندۇرارمەن، مەندىن يانمىسا، خۇدادىن يانار. «جاھاندا ياخشىلار قالمىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ياخشىلارمۇ بار ئىكەن، رەخمەت ساۋاقدىشىم.

— بولدى گەپنى ئاز قىلىپ تېز ئوتتۇپ كەت! ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز!

III

مەخمۇت چىڭقى چۈش مەزگىلىدە مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. قوياشنىڭ ئۆتكۈر ھارارىتى پۈتۈن يەر-جاھاننى ئوتتەك قىزدۇراتتى. ئورولۇپ، ئۈنچىلىرى تۆشۈپ بولۇنغان ئېگىزلاردىكى گىرىدەمەن، ئىسسىق تىنىجىق دەستىدىن سايە باغلار قويىنىغا ئۆزىنى ئالغان قۇشلار، ئۆستەڭلەردە چۆمۈلۈۋاتقان بالىلارنىڭ سۈرەن-چوقانلىرى، قەدىردان يېزىسىغا قايتىپ كەلگەن مەخمۇتتا ئاللاقانداق بىر ئەركىلىنىشتەك لەززەتلىك تۇيغۇلارنى قوزغاتقان ۋە بالىلىقىنىڭ تولىمۇ گۈزەل خىيالى خاتىرىلىرىگە ئېلىپ كەتكەن ئىدى. كۆپ نەرسىلەر ئۆزگىرىپتۇ. كونا يوللار، ئېرىق-ئۆستەڭلەر قايتىدىن رەتلىنىپتۇ. كونا تاملار ئاساسەن دېگىدەك قالماپتۇ. دېخانلارنىڭ قاتارلاپ سېلىنغان يېڭى ئاھالە ئۆيلىرى، بوككىدە باغلار ۋە ئۈزۈم بېدىشلىرى بىلەن قاپلىنىشقا ئۈلگۈرۈپتۇ. قىسقىسى ئۇ يېزىسىنى تونىيالماي قالدى. پەقەت بىرلا خاتىرە، مەھەللىگە كىرىدىغان يول باشلىنىمىدا ھەيۋەت بىلەن قەد كوتۇرۇپ تۇرىدىغان يوغان ۋە قېرى بولجا تىرەك، باغجالاپ كەتكەن شاخ-ياپراقلىرى بىلەن بىر مودەك يەرگە سايە تاشلىغان ھالدا مەزمۇت قەد كوتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئەشۇ بولجا تىرەككە تې

كىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. كوز ئالدىدىن ئۆتمۈش خاتىرىلەر، ئويۇن - كۈلكىگە تولغان قوۋناق بالىلىق دەۋرلىرى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەركىلىتىپ باغرىغا باسقان ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلەر، بولۇپمۇ ئەشۇ بولجا تىرەك ۋە ئۇنىڭ يېنىدىلا دەريا ساھىلىغا چۈشۈدىغان يول، ناھايىتىمۇ نازۇك ۋە شېرىن بىر خاتىرىنى يادىغا چۈشەردى.

قاپاق تىرەك تۈۋىدىكى تىۋەنگە قاراپ كەتكەن يول بىلەن پەسكە - دەريا ساھىلىغا چۈشكەندە، ئۇزۇنغا سوزۇلغان، ئەسىرلەردىن چىگدىلىپ، قېتىپ كەتكەن ساغۇچ تۇپراقلىق ئېگىز يار - دەريانىڭ بىر قىشى كورۇنۇدۇ. شۇ قاشىنىڭ ھىلىقى يول ئاغزىغا يېقىنىلا يېرىدە، ياز كۈنلىرى ئەتراپى ياپ - يېشىل يوپۇرماقلىرى بىلەن ياشناپ تۇرغان سوگەت تاللىرى ۋە ئاپپاق گۈللىرى بىلەن باراقسانلاپ كەتكەن ئازغانلار ئوراپ تۇرىدىغان، تىنىمسىز قايناپ تۇرىدىغان سۈيى شېرىن بىر بۇلاق بار. بۇلاقتىن دەرياغا قاراپ كەتكەن ئېرىقچە ياپ-يېشىل چىم ۋە رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى. بۇلاق ئەتراپى تولىمۇ سالقىن - خۇش ھاۋالىق ئىدى. مانا مۇشۇ بۇلاق تۈۋىدە مەخمۇتنىڭ ياشلىق دەۋرىگە ئائىت تولىمۇ گۈزەل خاتىرىلەر قالغان ئەمەسمۇ؟

مەخمۇتنىڭ قەدىمى مەھەللە ئىچىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى ئىختىيارسىز ھالدا ھىلىقى يول بىلەن پەسكە بېسىلدى.

ئۇ، ئەندى ئەشۇ گۈزەل بۇلاق بويىغا چۈشۈدۇ - دە، مۇزدەك ۋە شېرىن بۇلاق سۈيىدىن قېنىپ - قېنىپ ئىچىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۇزۇن يىللاردىن بىرى ۋۇجۇدىنى قاپلاپ كەتكەن يۇرتىدىن ئايرىلىش، ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىش، ئومۇرلۇك بولىمىز دەپ ئەھدىلەشكەن ۋاپادارى سارەدىن ئايرىلىشتەك كۆچلۈك ھىجران ئوتلىرىنىڭ ئازاۋىدىن داغلىنىپ چاڭقاپ كەتكەن سېغىنىش تەشنالىقىغا چارە قىلىدۇ.

مەخمۇت ئەنە شۇنداق لەززەتلىك ھىس - تۇيغۇلار بىلەن مەس بولغىنىچە ئۇزىمۇ تويمىغان ھالدا بۇلاق بويىغا كېلىپ قالدى ۋە تويۇقسىزلا، ئالدىنى بۇلاق تەرىپىگە قىلىپ، بۇلاقتىن چىلەكىگە سۇ ئېلىۋاتقان، ئوستىخىنى تولغان، بېشىغا ھاۋارەڭ ھىلىلە ياغلىق تېگىۋالغان، ئۇزۇن چاچلىق، ئوچىسىغا يارىشىملىق چىت كوينەك كەيگەن بىر ئاياللىڭ كوزى چۈشتى - دە، تېنى ئىمىشقىدۇ"غۇژژىدە" قىلىپ كەتتى، گەرچە ئۇ ئاياللىڭ كىملىگىنى بىلمىسىمۇ لېكىن تەبىئى بىر تۇيغۇ ئۇنىڭدا "سارە!" دىگەن پىكىرنى ئويغاتتى.

بۇنداق بولۇشىمۇ مەلۇم تارىخى بار ئىدى.

مەخمۇت سارە بىلەن مانا مۇشۇ بۇلاق بويىدا تېپىشقان، بارلىق ئىنسانلارنىڭ ياشلىق دەۋرىگە ئورتاق بولغان سۆيگۈ - رىشتىنى مۇشۇ يەردە يۈرەكلىرىگە باغلاشقان ئىدى.

سارەنىڭ تېخى گۈدەكلىك بەلگۈلىرى يوقالمىغان، تولىمۇ سەممى، ساددە، ئاق بىلەن قىزىللىق بىر-بىرى بىلەن بەسلەشكەن ھالدا چېھرىسىنى ئىگەللىگەن، سۈزۈك نۇردەك بىر خىل نازاكەتلىك پەزىلەت ۋۇجۇدىدا جۇلالىنىپ تۇرغان جىسمانى گۈزەللىگىنى، ئەخلاقى گۈزەللىگىنى كورۇش، ئۇنىڭ ئازارسىز، مۇشۇ بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك ۋە شېرىن سوزلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن، ئۇچرۇشۇش ئورنى قىلىپ بەلگۈلەنگەن. مۇشۇ يەردە، تالاي كېچىلەرنى سارەنىڭ يولىغا قاراپ ئوتكۈزۈۋەتكەن. بەزىدە قەرەلىدە كېلەلمىگىنىدە، جېدەل بولۇپ قىزىرىشىپمۇ قېلىشقان، بىردەمدىن كېيىنلا بۇ-

نى ئۇنتۇلۇشۇپ، ياشلىق قىزغىنلىقى بىلەن ئەپ بولۇشۇپ قېلىشقان، شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر-بىرى بىلەن ئايرىلماسقا، مەڭگۈلۈك ئەر-خوتۇن بولۇشقا قارار قىلىشقان... پۇتلىرىنى كېچە جىم-جىتلىقنى بۇزۇپ قايناۋاتقان سۈزۈك ۋە مۇزدەك بۇلاق سۈيىگە چىلاپ ئولتۇرۇپ قېلىشقان بۇ ۋەدىلەرنىڭ نازۇك سادالىرى بۇلاقتا، ئەتراپتىكى چىمەنلەر، سوگەت، ئازغانلارنىڭ ياپراقلىرىغا سىڭگەن بولغىدى؟ ئۇلار، بىر مەھەللىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، تاكى ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەنگە قەدەر بىر مەكتەپتە ساۋاقداش بولۇپ ئوقۇغان ھەم ئوقۇش تۈگىگەندىن كېيىن تەڭلا يېزىسىغا قايتىپ زىيالى دېھقانلاردىن بولۇپ قالغان ئىدى. كېيىن ئۇلار بىللە ئۆتكەن يىللار جەريانىدا پەيدا بولغان پاك سۆيگۈلىرى بىلەن يەنە ئۆمۈرلۈك جۈپ بولۇشقا بەل باغلاشتى... ئەپسۇسكى، تۇرمۇش نېمە دېگەن رەھىمسىز؟ مەخمۇتنىڭ بېشىغا چۈشكەن دەرت-ئەلەم، پېشكەللىكلەر ئۇنىڭغا سارە بىلەن قوشۇلۇشقا توسقۇنلۇق قىلىپ، بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتتى.

مەخمۇت مەھەللىدىن قېچىپ مېڭىشىدا تولىمۇ قۇلايسىز پەيتكە دۇچ كەلگىنى ئۈچۈن، سارە بىلەن «خوش» دېيىمۇ خوشلىشالمىغان ئىدى...

ئۇ تېخىچىلا ئارقىسىدا ئادەم بارلىقىنى تۇيماستىن بۇلاقتىن ھەدەپسۇ ئېلىۋاتقان چوكانغا سەپ-سالدى. نېرىدا، چىمەنلەر ياشناپ كەتكەن ئېرىق بويىدا 5-6 ياشلار چامىسىدا بىر ئوغۇل بالا، گۈللەرنى تېرىپ ئويناپ يۈرەتتى. بالا تۇيۇقسىزلا، ئانىسىغا قاراپ تۇرغان، غەلىتە، جۇل-جۇل كىيىملىك يات بىر ئادەمنى كۆرۈپ قالدى-دە، ھەيران بولغان ھالدا شۈبھە بىلەن تىكىلدى.

مەخمۇتمۇ ھېلىقى چوكانغا قاراپ:

— سىڭلىم، ئەشۇ شىردىن سۇدىن بىر ئوگاي سۇنۇۋەتسىلە، ئەشنالىقىمنى قاندۇرۇۋالاي،— دەپ ئىلتىماس قىلدى-دە، داڭ قېتىپ قالدى: «ئويغۇممۇ، چۈشۈممۇ؟» ھېلىقى چوكانمۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى ۋە پەژمۇدە كىيىملىك، ئىڭەكلىرىنى يىرىك ساقال قاپلىغان يوچۇن كىشىنى كۆردى. بىر ھازادىن كېيىن بۇ كىشىنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان تونۇش ۋە ئۇز ۋاقتىدىكى قەدىرلىك كۆزىنى تونۇپ قالدى-دە، «ۋاي!» دېگىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئايالنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئىدى.

— ئاپا! — دېدى ھېلىقى بالىمۇ، ئاپىسىنىڭ ئومىسە ھالىنى كۆرۈپ، ئويناۋاتقان يېرىدىن يۈگرەپ كەلگىنىچە ئاپىسىغا چاپلاشتى. ئاپىسىنى قورقۇتۇپ ساراسىمىگە سالغان بۇ كىر كىيىملىك كەلگۈندىگە غەزەپ ۋە نەپرەت بىلەن ئالايدى.

ئۇلار ئاستا-ئاستا ئۆزىگە كېلىشتى. مەخمۇتنىڭ كۆرگىنى راستىنلا سارە بولسا، سارەنىڭ كۆرگىنىمۇ راستىنلا مەخمۇت ئىدى. بۇ چۆچەكلەردىكىدەك ئۇچرىشىش ئۇلارنى ھەقىقەتەنمۇ ھەيرانلىقتا قالدۇرغان ئىدى.

ئۆزىگە كېلىشنىڭ دەسلىۋىدە، بىرخىل شاتلىق، سەممىي سېغىنىش تۇيغۇلىرى قوزغالغان مەخمۇتنىڭ ۋۇجۇدىنى، قىزلىق دەۋرىدىن چوكانلىق دەۋرىگە قەدەم قويۇشقا ئۈلگۈرگەن سارە، ئۆزىگە يات-يامان كۆز بىلەن ھومىيىپ تۇرغان بالىنى كۆرگەندىن كېيىن، بىرخىل خۇرسىنىش، ئاچچىق ئەلەم ۋە كۈنلەشتىن كېلىپ چىققان نەپرەت تۇيغۇلىرى قاپلىۋالدى. «بەختسىزلىك پۈتۈن ئۆمرۈمنى زەھەرلىۋەتكەنمۇ نېمە؟ دېمەك ئۇ ئەرگە تېگىپ كەتكەن»،شۇلارنى ئويلىدى ئۇ ئەلەم بىلەن.

سارە بىر خىل قورۇنۇش، ھېيىقىش ئىچىدە، كوز ئالدىدىكى ئەركە - قىزلىق دەۋرىدىكى سۈيۈملۈك كىشىگە قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش مەسىلىسىدە تولىمۇ تەڭ قىسلىقتا قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېنىدا ئېقىلگە كىرىشكە باشلىغان بالىسى...

مەخمۇت، تەڭقىسلىقتا تۇرۇپ قالغان سارەگە يەنە بىر قېتىم كوز سالدى. ئەندى ئۇ، ئىلگىرىكىدەك گودەكلىكىنىڭ بەلگۈلىرى كەتمىگەن، ئورۇق - زىلۋا، شوخ، لېكىن سادە، ئاپپاققىنا بىر گۆزەل يېزا قىزى بولماستىن، تەن قويغان، تولغان، بىر ئاز سەمىرگەن، سالماق ۋە تېخىمۇ گۆزەللىشىپ كەتكەن بىر چوكاننى كوردى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئاق ۋە قىزىللىق تېخىمۇ جۇلالىنىپ، ئاجايىپ گۆزەل نۇرلۇنۇپ تۇراتتى. ئەندى مەخمۇت ئۈچۈن بۇنداق گۆزەللىكنىڭ نىمە ئەھمىيىتى بولسۇن. ئۇ، ئىلگىرىكى چاغلاردا شۇنچە قەدىردان بولغان. يۈرەكسىرلىرىنى تارتىنماي ئېيتالايدىغان ۋاپادارنىڭ ئەندىلىكتە ئارىغا تولىمۇ كوڭۈلسىز ياتلىق مۇساپىسىنى تاشلىغان گۆزەل قەددى-قامىتىگە سوغۇققىنا نەزەر تاشلاپ تۇرۇپ قالدى. "ئىسسىت ھاقارەتلەنگەن ياشلىقىم!".

سارە ئۇنىڭ كوزلىرىدىكى لىغىلداپ، لېكىن سىرتقا چىقالماي تۇرغان ياشلىرىنى كورگەندە تاقەت قىلالماي يانىغا قارىۋالدى. ئۇ، ۋۇجۇدىنى قاپلىۋالغان تولىمۇ ئازاپلىق بىر تۇيغۇ بىلەن، ئوز ۋاقتىدا شۇنچە ياخشى كورگەن ساۋاقدىشىنى قىزغىن قارشى ئالالمىغانلىقىغا تولىمۇ ئويالماقتا ئىدى، ئاق كوڭۈل، مەرت مىجەز بۇ ئادەمنىڭ ھەقىقەتەنمۇ چىداش قىيىن بولغان قىسمىتىگە تولىمۇ ئېچىندى.

بىر دەملىك تىڭىرقاش ئوتۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلار ئەقىللىرىنى تېپىشتى. ھەر ئىككىسى شۇ تاپتىكى، بىر - بىرىنىڭ كوڭۈللىرىدە، ۋۇجۇدىدا، كېچىۋاتقان نازۇك سەزگۈلەردىن خەۋەردار ئىدى. سارەنىڭ كوڭلىدە تويۇقسىزلا "ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، قول ياغلىقىم بىلەن كوزىدىكى ياشنى سۈرتىۋېتىش ئارقىلىق، دەردىگە تەسەللى ئىتاي" دىگەن ئويلار كەچتى ۋە بىر قەدەم ئالغا چامدىغان ئىدى، بالىنىڭ "ئاپا" دىگەن چاراڭلىق چاقىرىشىدىن ئىنى شۈركۈنۈپ تۇرۇپلا قالدى. "مۇمكىن ئەمەس، ئەمدى مۇمكىن ئەمەس..." پىچىرلىدى ئۇ ئوز - ئوزىگە ئەلەم بىلەن. ئەندى كەلمەس بولۇپ كەتكەن ئەشۇ ئوتمۇشكە "خوش" دىيىشلا قالدىمۇ؟ مەخمۇت تولىمۇ ئېچىنىش - ئەلەم ئىچىدە ئارقىسىغا بۇرۇلدى. چۈنكى ئۇ مەھەللە ئىچىگە كىرمەيلا، سەرگەردانلىق تۇرمۇشىغا قايتىشقا قارار قىلغان ئىدى.

سارە، مەخمۇتنىڭ كوڭلىدىكىنى تويۇپ قالدى - دە، ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. ئۇنى توختۇتۇپ قېلىشقا زادى ئامال يوقمۇ؟ ئەۋۋەلدە شۇنچە يىقىن، بىر - بىرىنى ياخشى كورۇشكەنلەر، ئەمدىلىكتە چىراي ئېچىپ تېنىچلىق - ئامانلىق سورىشالمىسا بۇنىڭغا كىم سەۋەپكار! كىمدىن ئاغرىنىش كېرەك؟

سارە تولىمۇ ۋىژدانلىق، ئېقىللىق، ئىرادىلىك قىز ئىدى. مەخمۇت مەھەللىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ توغرىسىدا ھەر خىل گەپ-سوزلەر بولدى. بولۇپمۇ ئابدىسەمەت ۋە ئۇنىڭ گۇماشتىلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىتتەك پۇراپ يۈرۈپ تېپىشالمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شەنىگە ھەر خىل بەدنامىلارنى توقۇشتى. ئاخىرىدا ئۇنى يۇلتۇز داۋىنى ئارقىلىق ئېلىغا - كونەسكە ئوتۇپ كىتىۋاتقاندا بۆلەكچىلەر تەرىپىدىن ئولتۇرۇلۇپتۇ، دىگەن ئېغ-

ۋالارنى تاراتتى... سارە بولسا بۇنداق توھمەت-ئىغۋالارغا قۇلاق سالماي 3 يىلغىچە مەخمۇتقا ئۈممت باغلات كۈتتى. نۇرغۇن " ئەلچىلەر " نى ياندۇردى. لېكىن ھەممە نەرسەنىڭ چېكى بولىدۇ. چۈنكى ئىنسانىنىڭ ئىرادىسىمۇ، كىشىلىك دۇنياسىدىكى ھەر خىل شارائىت، ئامىللارنىڭ قورشاۋىدا بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ سارە كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بېشىغا تىكلەنگەن تەقدىرگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ بېشىغا تىكلەنگەن تولىمۇ خەۋپلىك قارا كۈننى دەپنى قىلىش بەدىلىگە، كۈتمىگەن، تولىمۇ يات بىر ئەلچىگە ياتلىق بولۇشقا مەجبۇر بولدى... يىللار ئۆتۈپ ئۇنىڭدىن ئىككى بالىلىق بولۇپ قالدى...

سارە ئۆيىقىدىن ئويغانغاندەك چۆچۈپ كەتتى-دە، " ئۇنى توسۇپ قېلىشقا ئامال يوقمۇ؟ " دىگەنلەرنى كۆڭلىدىن كۆچۈردى.

— مەخمۇت، سۇ ئىچىپ تەشنالىقلىرىڭنى قاندۇرۇۋالسىلا!

مەخمۇت شۇنچە يېقىملىق بولغان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز توختاپ قالدى ۋە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، گۈلدەك كۈلۈپ، قەلەي نوگايدا ئىككى قوللاپ سۇ ئېلىپ كىلىۋاتقان سارەنى كوردى.

— سالامەت قايتىپ كەپلا، سۇ ئىچسىلە!

مەخمۇت ھەممىنى چۈشەندى... ئۇلۇغوارلىق، ئالىجاناپلىق خىسلىتى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان سارەگە ھەيران بولغان ھالدا " ئۇ، قىزلىق دەۋرىدىكى بارلىق گۈزەل خىسلەتلىرىنى ساقلاپ قاپتۇ" دەپ ئويلىدى ۋە ئۆزىدىمۇ ئۇنى ئەپۇ قىلىشتەك بىر ئاقىلانە ھىس تۇيغۇنى سەزدى ...... لېكىن قەلبىنىڭ چوڭقۇرىدا يەنە بىر ئومۇر ئەڭ قىممەتلىك نەرسىدىن ئايرىلىشتەك ھەسرەت دېڭىزىنىڭ قالقانلىغىنىمۇ ھىس قىلدى......

ئۇ، تەڭلەنگەن سۇنى ئېھتىرام بىلەن ئالدى-دە، دولقۇنلاپ تۇرغان يۈرىكىنى تىزرەك بېسىۋېلىش ئۈچۈن قىممەتلىك ئابزەمزەمدەك بىلىنگەن سۇنى ئاچكوزلۇك بىلەن ئىچىۋەتتى...

— مەھەللىدە تۇرۇپ قالسىلا، — دىدى سارە بىر قولىغا سۇ تولدۇرۇلغان چىلەكنى ئېلىپ، بىر قولىدا ئوغلىنى يېتىلىگەن ھالدا — جۈرسىلە مەن مەھەللىگە باشلاپ باراي، ئاتا-ئانىلىرىنىڭ توپىسىنى، يۇرت-مەھەللە، جاما ئەتنى سېغىنمىلىمۇ؟

مەخمۇت ئۆيىقىدىن ئويغانغان كىشىدەك، سۇكۈتتە قالغان بېشىنى كوتەردى-دە، نۇر ئىچىگە كومۇلگەندەك كورۇنگەن سارەنىڭ باشلامچىلىغى بىلەن، مەھەللىگە كىرىش ئۈچۈن، ھامىقى يول بىلەن يۇقۇرىغا قاراپ ماڭدى.

(داۋامى بار)

# شاۋشەن مۇھەببىتى

(داستان)

(يولداش ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

ئەخمەت ۋاھىدى

## مۇقەددىمە

ھاياتىم بېغىنىڭ يۇلتۇزى بولۇپ،
پاقىرار ئويۇمدە بېيجىڭ قۇتىسى.
سۈرىمەن كوزۇمگە يېنىش ـ يېنىشلاپ،
بار ئۇنىڭ ئىچىدە شاۋشەن توپىسى.

شۇنىڭغا ماۋجۇشى تەرلىرى تامغان،
ئۇنىڭدا ماۋجۇشى ئىزلىرى قالغان.
ئويۇمنىڭ بىباھا تەۋەرىكى شۇ،
مەن ئۇنى ماۋجۇشى ئۆيىدىن ئالغان.

نە ئىمىش توپا ئۇ، تۇتىيا كوزگە،
جىمىكى خىسلەتلەر ھىكمىتىدە جەم.
سوزلەيدۇ ئۇ ماڭا مىڭ كىتاپلىق دەرس،
ماۋجۇشى ھاياتى توغرۇلۇق ھەردەم.

ئەل يۇرتۇم زوقلىنار ئەشۇ قۇتامغا،
سوزلىشەر ھىكايە يىغىلىپ پات ـ پات.
ماۋجۇشى نامىنى ئالسام تىلىمغا،
دولقۇنلار مۇھەببەت قەلبىدە قات ـ قات.

## سالام، شاۋشەن

ئۇزاتتى ئەلئىقلىم، مىندىم دۇلدۇلغا،
كەلدىمەن شاۋشەنگە قىلغىلى تاۋاپ.
ئوخشايمەن شۇتاپتا گويا بۇلبۇلغا،
ياڭراتتىم ناخشامنى تەڭكەش قىپ راۋاپ:

ئىخ! شاۋشەن، ئانجان سېغىنىپ سېنى،
قوينۇڭغا كەلدىم مەن ئۇزۇن يول بېسىپ.
ماۋجۇشى تۇغۇلغان ئەي، مۇقەددەس يۇرت،
ھوسنۇڭنى كورۇشكە بولدۇم مەن نىسىپ.

ئانىلىق مېھرىڭگە قاندۇراي ئەمدى،
چول كەبى چاڭقىغان تەشنالىقىمنى.
يالقۇنلۇق ناخشامدا بىلدۇرەي ئەمدى،
شۇ گۇزەل ھوسنۇڭگە ئاشنالىقىمنى.

بۇ ئۇلۇق پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ،
ئېيتاي مەن يۈزۈڭگە دىلدا بارىمنى.
سۆزلىگىن بەختىڭنى يازاي قەسدە،
ئىشلىتىپ جىمىكى ئىقتىدارىمنى.

سۆزلىگىن داھىنىڭ تۆرەلگىنىنى،
يوقسۇللار ئاھىدىن، پەرياتلىرىدىن.
سۆزلىگىن ياڭ كەيخۇي، ماۋ زېمىنلاردەك
ئوت يۈرەك بالاڭنىڭ ھاياتلىرىدىن.

كۆرسەتكىن داھىنىڭ ئاياق ئىزىنى،
سېغىنغان باغرىمنى ياقاي مەن ئەمدى.
شەنىڭنى يېزىشقا دىل دەپتىرىمدىن
يېڭى بىر سەھىپە ئاچاي مەن ئەمدى.

باغاشلاي جىلۋىدار گۈل ـ گىيا يىڭنى،
ئېچىلسۇن ھۆسنىڭدەك كۆكۈل ئاسمىنىم.
شۇمۇرەي شىپالىق ساپ ھاۋا يىڭنى
گۈللىسۇن ئۆمۈرلۈك ئارزۇ ـ ئارمىنىم.

كېلىڭلار ئەي مېنىڭ سەپەرداشلىرىم،
شاۋشەن ھۆرمىتىگە كۆتىرەيلى جام.
قېنى سەن، ئەي مېنىڭ دىلكەش قەلىمىم،
ياز يۈرەك سۆزۈمنى تاشماقتا ئىلھام.

☆

دىلىمدا ھاياجان، كۆكسۈمدە قولۇم،
ھەر گىيا ئىشقىدا ساھىلەر كەزدىم.
بەختىنىڭ ئاشناسى گۈلشەن ۋادىنى.
جەڭگىۋار ھاياتىنىڭ جەننىتى سەزدىم.

ماڭغىنىم ماۋجۇشى ماڭغان تەگرى يول،
كىلىمەن ئەتراپقا تويماستىن قاراپ.
چاۋاكلار چالىدۇ نوتا ـ سۇمبۇللار
شاڭجياڭ ھۆرمەتتە سۇنىدۇ شاراپ.

ياپ ـ يېشىل چوقىلار بىر بۈيۈك داستان،
جەڭنامە شاھىتى ھەر گىيا، ھەر تاش.

ھاۋاسى كەلتۈرەر داھى تىنىغىنى
ئاي چولپان، زۇمرەت سۇ داھىغا سىرداش.

ھەر چىمدىم تۇپىسى توتىيا كۆزگە،
سۇ ئىچكەن داھىنىڭ ماڭلاي تەرىدىن.
ئاڭلىنار داھىنىڭ قەلەم تىۋىشى
ئۆتكەندە چىلانلىق باغنىڭ يېنىدىن.

شاتلىقتا بەختىنى قىلىدۇ بايان،
ماۋجۇشى تەرىدىن سۇ ئىچكەن گىيا.
تارىخنى سۆزلەيدۇ ئۈستەل ۋە قەلەم
تىڭلايدۇ مىليون جان بولۇپ مەھلىيا:

"ماۋجۇشى مەشەدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن.
ماۋجۇشى مەشەدە ئەسەرلەر يازغان.
تۈنلەردە سىردىشىپ دەرتمەنلەر بىلەن
قاراڭغۇ دۇنيانىڭ گۆرىنى قازغان.

ماۋجۇشى مەشەگە تەرىنى تۆككەن،
مەشەدە قەلبىگە ۋەتەننى پۈككەن.
مەشەگە ئىنقىلاپ ئۇرۇغىنى چېچىپ،
مەشەدە ئەل ئۈچۈن قايغۇغا چۆككەن"

ئولتۇردۇم ئۈستەلدە يايرىدى تېنىم،
تۇتقاندا قەلەمنى سايرىدى تىلىم.
ئالەمچە خۇشاللىق سىغىدى يۈرەككە
ماۋجۇشى نۇرىدا يورىدى دىلىم.

كۆز يېشىم سىپىلدى داھى ئويىگە،
قەلبىمگە ھاياجان ھىسسى قۇيۇلۇپ:
ئەسلىدىم داھىنىڭ كەچمىشلىرىنى
ھەر نەپەس مىڭ ئۆمۈر بولۇپ تويۇلۇپ:

☆

قىساسنىڭ قۇشلىرى قاقالماي قانات،
ۋەتەننىڭ بېغىنى تۇمان باسقاندا؛
سۆڭەكلەر تاغ بولۇپ، قېنىمىز دەريا،
ياۋۇزلار قىلمىشى چەكتىن ئاشقاندا؛

يەلكىنى ئۈچ چوڭ تاغ بېسىپ دەھشەتلىك،
كىلىپ جان تومشۇققا، كەتكەندە مادار.
زۇلمەتتە قاخشىغان بىچارە خەلق
دىگەندە: «ئاھ، بىزگە قاچان تاڭ ئاتار؟!»

تۇغۇلدى شاۋشەندە ماۋزېدۇڭ ئاتلىق-
بىر ئۇلۇغ سەركەردە تۈگۈپ مۇشتىنى.
گوياكى قەلبىگە پۈكۈلگەن ئۈنىڭ،
يوقاتماق زۇلۇمنىڭ يەتمىش پۈشتىنى!

تورەلدى دۇنياغا بىر ئۇلۇغ ئىنسان،
سۆيۈندى تاغدىكى ھەتتا قارا تاش.
پارلىدى شەرقتە ئۈممەت يۇلتۇزى،
تېپىلدى ئوت يۈرەك باتۇرلارغا باش.

چاڭجياڭ ئوركەشلەپ كوتەردى چۇقان،
جىڭگاڭشەن ئۆيىمىدىن كوتەردى باشنى.
مۇبارەك كوزىدە باقتى تەڭرى تاغ،
بوزەكلەر كوزىدىن توختاتتى ياشنى.

☆

تۇردىمەن ماۋجۇشى تۇغۇلغان ئويدە،
لەززەتلىك تۇيغۇ ۋە ئىلھامغا تولۇپ.
تەپەككۇر قوشلىرىم كىزەر ۋەتەننى،
قەلبىمدە مۇھەببەت ئاقار جوش ئۇرۇپ.

«شاڭجياڭ ئوبزورى①» قولاق تۇۋىمدا،
كورىنەر كوزۈمگە جىبۇ يىغىنى.
باتۇرلار جەم بولۇپ ئىچمەكتە قەسەم،
ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا زۇلمەت تېغىنى.

قىزىل تۇغ ئاستىغا ئۇيۇشتى گاڭدەك،
پارتىيە ئاتالدى مۇبارەك نامى.
كوممۇنىست شەنىگە ياغدى شەرەپ-شان،
شاڭخەيدە ئىچىلىپ غەلىبىنىڭ جامى.

يېتىلدى ماۋزېدۇڭ تەربىيىسىدە،
توغرا ۋە شەرەپلىك، ئۇلۇغ پارتىيە.
سوك بىلەن ئىلتىمىقتىن تاپتى ھەقىقەت،
شان بىلەن شەرەپكە تولۇق پارتىيە.

ماۋجۇشى كەچ كۈرستا قىلماقتا خىتاپ،
ئەمەل قىپ ماركس تەلىماتىغا.
پارتىيە كورسەتكەن داغدام يول بىلەن،
ئىنقىلاپ قوشۇنى باسماقتا ئالغا.

جىڭگاڭشەن باغرىدا گومبۇرلىدى توپ،
زۇلۇمدىن دات دىگەن ئەلنىڭ بەختىگە.
ئۇچقۇندىن يانغىنلار چىقىپ تۇتاشتى،
شۇ رەزىل دەۋراننىڭ چىرىك تەختىگە.

ئىنقىلاپ مەشئىلى ياندى لاۋۇلداپ،
دەۋزىخى دۇنياغا يەتتى قىيامەت.
داھىنىڭ ئوكتەبىر جاكاسى بىلەن،
ۋەتىنىم قوياشتەك كوتەردى قامەت.

يۇرتۇمنىڭ ئاپتىۋى كەلگەن مەشەدىن،
بەختىمنىڭ گۈلى دەل مانا مۇشۇ ئوت.
بۈگۈنكى پاراغەت نەدىكەن بىزگە
ماۋجۇشى شەمشاتتەك تۇرمىسا مەزمۇت؟

نۇرانە سۈرەتكە تىكىپ كوزەمنى،
ھاياجان يېشىدا يۇيۇپ يۈزۈمنى.
تۈگمەس بەختىمنى ئەيلىدىم بايان،
ۋە ئېيتتىم داھىغا يۈرەك سوزۈمنى:

ماۋجۇشى،
ماۋجۇشى،
مېھرىۋان ئۇستاز،
ۋەتىنىم يورىدى نۇرىڭىز بىلەن.

① ماۋجۇشى يەتەكچىلىكىدە چىقىرىلغان ژورنال

خەلقىمىز سادىق بوپ ئىرادىڭىزگە،
ماڭماقتا كورسەتكەن يولىڭىز بىلەن.

سېغىنساق مېھرىۋان چىرايىڭىزنى،
ئوقۇيمىز زوق بىلەن كىتاۋىڭىزنى.
تولدۇ يۈرەككە غەيرەت ـ جاسارەت
ئەسلىسەك جەڭگىۋار خىتاۋىڭىزنى.

سىز ـ شەرەپ بەرگەن ئۇلۇق پارتىيە،
ياراتتى ۋەتەنگە يىپ ـ يېڭى دەۋران.
پورەكلەپ ئېچىلىپ ئارزۇ گۇلىڭىز،
تۇغىڭىز پەلەكتە قىلماقتا جەۋلان.

ئىلىم ـ پەن گۇللىرى چاچتى خۇش پۇراق،
يوقالغاچ بالاخور ئىپلاس "توت چايان"
تاناۋى تارتىلدى تارىخ ئالدىدا،
جىنايى قىلمىشى بولۇپ ئاپ ـ ئايان.

ئاتلاندۇق بىز بۈگۈن ئۇزۇن سەپەرگە،
ئىگە بوپ قۇدرەتلىك ئىمكانىيەتكە.
يېتەكلەپ ماڭماقتا پارتىيە بىزنى،
توھپىلەر قوشۇشقا ئىنسانىيەتكە.

تېچ يېتىڭ، ماۋجۇشى، ئەي ئۇلۇغ ئۇستاز،
گۇللەرگە پۈركەندى قەۋرىڭىز، ئەنە.
تېچ يېتىڭ، كورۇپ بىز دىدارىڭىزنى،
قەسەمىيات قىلىشتۇق ئورلەشكە يەنە.

☆

كىندىك توپىسىنى سالدىم ۋۇتانىمغا،
بۇ ئالتۇن دىيارغا توكۇپ يېشىمنى.

ئەسلىدىم كەيخۇينى① تۇرۇپ سۈكۈتتە،
قۇربانلار قەۋرىسىگە ئىگىپ بېشىمنى.

ياڭ كەيخۇي ئەرشتىن چۈشتى پەرىدەك،
جىمىكى گۈزەللىك رۇخسارىدا جەم.
جۇشىنىڭ يېنىدا تۇردۇ مەغرۇر،
شۇنچىلىك مەردانە، شۇنچە خاتىرجەم.

مەرمەردىن ياسالغان قۇتلۇق سارايدا،
كورۇشتى قەدىناس سەپدىشى بىلەن.
سۈيۈرۈپ تاۋۇتنى كىرپىكى بىلەن،
سۇغاردى گۇللەرنى كوز يېشى بىلەن.

بەزەلدى بېھىشتەك خاتىرە ساراي،
قويغاندا گۇلىنى ئېھتىرام بىلەن.
سايرىدى تىيەنئەنمېن راۋاقلىرىدا،
مىڭلىغان بۇلبۇللار قونۇپ پەم بىلەن.

يازدى ئۇ گۇللەرنىڭ ياپراقلىرىغا،
بۇ يېڭى دەۋراندىن سۆيۈنگىنىنى.
پارتىيە شەنىگە ئېيتتى ئاپىرىن،
بىلدۇردى ۋەتەنگە كويۇنگىنىنى.

مىنگىشىپ تاڭدىكى ھەسەن ـ ھوسەنگە،
قۇياشتەك پارلىغان ۋەتەننى كەزدى.
پۇراپ ئوز ئېچىلغان ئارزۇ گۇلىنى
قەلبىدە لەززەتلىك بىر ھوزۇر سەزدى.

ئاڭلىدى شاڭجيانىڭ شاۋقۇنلىرىدىن،
زەپەرنىڭ جەڭگىۋار قوشاقلىرىنى.
باۋتاشەن كوكسىگە يېقىپ باغرىنى،
سۆيدى شۇ جىڭگاڭشەن قوچاقلىرىنى.

① ياڭ كەيخۇي ـ ماۋجۇشىنىڭ دەسلەپكى ئايالى

### خاتىمە

رەخمەت، ئانىجان يىدىم تۇزۇڭنى،
تيانشان باغرىدىن كېلىپ قوينۇڭغا.
تولدۇرۇپ قەلبىمگە تارىم ئىششىقىنى
سۇيدۇمەن قولۇڭنى سېلىپ بوينۇڭغا.

تىنىغىنىڭ غىچ قۇۋۋەت بەردى بەستىمگە،
يىگىمەن نە مۇشكۈل بوران - چاپقۇننى.
ئورتەيمەن يۈرۈكۈم يالقۇنلىرىدا
ساڭا تىك قارىغان خائىن ساتقىننى.

جېنىمنىڭ رىشتىسى باغلانغان ساڭا،
ۋەسلىڭگە يەتكىنىم بەخت ئۆزى شۇ.
ئاقلايمەن ئانىجان بەرگەن سۈتىڭنى،
تيانشان ئوغلىنىڭ يۈرەك سوزى شۇ!

1966 - يىل 1983 - يىللار، بېيجىڭ — ئاقسۇ

XXXXXX◆◆◆XXXXXX

# شېئىرلار

ئىمىن ئەخمىدى

## يېزام ئاۋازى

كوكۇلنىڭ تورىدىن ئالالمىدى جاي،
تالاي داش قازاننىڭ غىلجىڭى - نازى.
ۋە بەزەن قەلبىمنى غاجايدۇ تىنماي
ئۇ ئەنسىز يىللارنىڭ دوقى - ئادازى.
نېچۇككى يۈكسۈلۈش يولى ئىندى تار
كوكتە كورۇنمەيتتى بۈركۈت پەرۋازى.
كوزا چاققان ئېرىز سۇ كەلتۇرگەن خار-
دىسە دەل شۇ چاغنىڭ ئىنكاس - ئەندازى.
بۈگۈن قۇلاق سالساڭ خامانىدا لاي - لاي
كۈن بويى ياڭرايدۇ شاتلىق ئاۋازى.
ئېتىزغا، هويلىغا، ساڭلارغا پاتماي
كېلىدۇ مول هوسۇل نەغمىسى - سازى.
يېزامنىڭ ئاۋازى - زەپەر ئاۋازى
پارلاق ئىستىقبالغا سەپەر ئاۋازى.

كوردۇڭمۇ ئوتكەن يازىمەلە ئارىلاپ
تاغارلار تەرك ئەتكەن كونا خالتىنى.
ئۆزمىدە جان باققان پازىل «يالىڭاچ»
تىكلىدى ئۆنىڭدىن ئەللىك ئالتىنى...
بىر زامان سامانىدا قايىنتاتتى چاي
سېتىپ يەپ كەتكەچكە مىراس پالتىنى.
ئەندى كومۇر ئوتى ئوچاقتا هاي - هاي

كورۇشتۇق، پۇشۇرۇپ قويدى مانتىنى.
دەۋاردا گىلەملەر، نەگە كەتكەندۇ-
چاشقان يامانلىغان كورپە - يوتقىنى؟
بايلىق مۇئەككىلىنىڭ كوزى ئالىيىپ
رۇخسەتسىز بېيىشتىن چىقتى جان - پەنى.
يېزامنىڭ ئاۋازى - زەپەر ئاۋازى
بەختلىك كەلگۈسىدىن خەۋەر ئاۋازى.

تاڭ بىلەن ئۇيۇقتىن بالقىدى چولپان
ئوزىنى كورسەتتى ئالى ھەقىقەت.
ئىشلىگەن چىشلەيدۇ سوزى بىر گۇلخان-
بولدىيۇ - ئېرىدى، دىلدىكى ھەسرەت.
قىغ يۇتكەن مۇرىلەر مەسئۇلىيەتتىن
داستان پۇتۇپ چىقتى كۇرمىڭ - كۇرمىڭ بەت.
توۋلىدى قېرى - ياش شۇندا بولەكتىن:
غەمگۇزار پارتىيەم مىرادىڭغا يەت!
ھە دېمەك، يېزامدا يېڭى كەنت قۇرۇش
قوزغىدى ئەتىمىز ئۇچۇن مۇھەببەت.

گەر ئەسلەش تامغى قىلمىسا ئولچەم
ئارزولار ئەمەلگە ئاشمايتتى پەقەت.
يېزامنىڭ ئاۋازى - زەپەر ئاۋازى
پارلاق ئىستىقبالغا سەپەر ئاۋازى.

رەتمۇ - رەت ئېتىزلار، ياپ - يېشىل ئورمان
ئاينى خىجىل قىلدى سەينالاردا نۇر.
دەۋر ئوتى تەپتىدىن قاچتى زىمىستان
يىل بويى باھارنىڭ شامىلى غۇر-غۇر.
ئىلىم - پەن شەھەردىن كەلدى بۇ تامان
دالا شاۋ - شۇۋىغا ماشىنىلار جور.
ئاڭلايسەن چوللەرنىڭ باغرىغا باقساڭ
كوممۇنىزىم ئوچۇن جاراڭلىغان خور:
دېخاننىڭ غايىسى ئەمەس بۇردا نان
ئەل كۇلسە - ياشىنسا شۇندا دىل ھوزۇر.
قوياش قۇچىغىدا توكۇپ تەر ۋە قان
قازىمىز گادايلىق يىلتىزىغا گور...
يېزامنىڭ ئاۋازى-زەپەر ئاۋازى
بەختلىك كەلگۈسىدىن خەۋەر ئاۋازى.

## مۇھەببەت سىمفونىيىسى

ئالدىمدا بىر مەكتۇپ ( ئاخىرقى مەكتۇپ )
ئوزەڭ كىملەيسەن، كەلمىشىڭ قىيمەن.
چۇشەنسەم دەسلەپكى ۋاپا - ئەھدىنى
پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەرقىلغان بىر تىيمەن.

يېزىپسەن ئىردىنەمەي: ۋىسالىنىڭ لەۋزى
ئىنىمنى گۇناكار بولۇشتىن قۇتقاز.
بۇنىڭغا سەن قايىل، چۇنكى سەن سوتچى
قوشۇلساڭ ئومرىمىز بولۇر مەڭگۇ ياز.
ناۋادا ئۇستىدىن چىقارساڭ ھوكۇم
شۇندىن ئېتىۋارەن مېنى يوقاتتىڭ.
قايتا بولمىغى تەس گوزەل مەشغۇلاڭ
بى تەھقىق پۇشايمان چولىدە ياتتىڭ...

ئويلانمىدىم قىلچە، چوچۇمىدىم ھەم
چۇچىسام ۋىژدانىنى بولاردىم ساتقان.
تا ئەزەل ۋەتەننى سويگەن ھەر ئوغۇل
دولقۇندا چېكىنمەي غولاچلار ئاتقان...

بىلمىدىڭ تىنچ يوللار، خىلۋەت كوچىلار
ئىنسانىڭنىڭ تۇپەيلى تىنجىماي كەلگەن؟
شۇ كوچا، شۇ يولدا كېچە يا تاڭلار
نىچان رەنالارنىڭ يېشى توكۇلگەن؟
سەندىكى بىر تۇققان - قېرىنداشلىقنىڭ-
سالىمىغى بىر زېمىن مېھرىدىن ئارتۇق.
بۇ يەڭلىغ تار قەلبكە، پايانسىز ئوكيان-
كەبى ئىشق ئوزىنى قىلمايدۇ تارتۇق!

يۈزلەپ كۆز، كۆزۈمگە تىكىلگەن مىنۇت
ئىنىگىنى ئاشكارا تارتتىم سوراققا.
ئىمتىھان پەيتىنى ياراتتى ئەل-يۇرت
مېنىڭ دىلىمدىكى سۆيگۈ - پىراققا.
ئوقتەك چىقىپ كەتتىڭ، ھۆكۈمۈمدىن سۆك
تونۇدۇڭ سوتچىنى يارىسىز قالدى دەپ.
بىلمىدىڭ بىر ناكەس يوقۇلۇپ، كۆرمىڭ-
يۈرەكنىڭ سوققىنىن خوشال كۆپۈلدەپ.

سەن كەتتىڭ، مەنمۇ شات، چۈنكى ئىشەنچىنى،
ئىلىمدىن، خەلقىمدىن يىراق تۇتمۇدۇم.
بىخومار ساقلىدىم يالقۇنلۇرۇمنى
شەخسى نەپسىمگە ھېچ نەرسە ئۇتمۇدۇم.
مەيلى مەن ئۆمرۈمدىن سېنى يوقاتتىم،
لېكىن تېپىۋالدىم ئالى مۇھەببەت.
بۇرۇن بىر سەن مېنى يالغۇز سۆيەتتىڭ،
ئەندى مېنى سۆيەر مىليونلاپ خەلق!

## خىتاۋىم

تېخى تۈنۈگۈنكى سېسىمچىلىقنى
تاڭلا پەيدا بولغان ئەخلەتكە قوشۇپ.
پىسەن قىلماي تەنە - مەسخىرىلەرنى
يوقاتساق بىر يولى كەلمەسكە توشۇپ.
ھايال ئۆتمەستىنلا بولۇڭ - پۇچقاقتىن
يۈندىلەر ئۈمىلەپ چىقتى كوچىغا.
بىز بىر چاغ يەر بىلەن يەكسان ئەيلىگەن-
قۇرۇق شۇئارلارنى، يىرتىق لاتىنى،
بايراق دەپ تېگىپ يېڭى دەستە ئۇچىغا.
قىتمال كاللىدىكى قىتمال ئارزۇلار
بۇراپ كونۇپ قالغان كونۇك بۇرۇنلار
كورسىمۇ - كۆرمەسكە سالغان بىرجۇپ كۆز
مەينەتتىن ئەسلىنى ئۆزگەرتكەن قوللار
كۆك يۈزىگە پەردە تارتقان ئىس-تۈتەك
ئاسپالت مەيداننى باسقان توپا-چاڭ.
غىڭ - غىڭ ئاۋازلار ۋە شەھۋانە ھەۋەس
ئۆڭ - تەتۈر پىقىراپ چىرىگەن غازاڭ...

سۈپۈرگە ئىزىغا سېلىپ يېڭى داغ
بەرمەكچى دەۋرىمگە يات بىر قىياپەت.
ئىتتىپاقنى بۇزار چۈشكۈن مۇقاملار
ئېلىپ كەلمەكچى خەلق ئۈچۈن مالامەت...
يوقسۇن! ئەي كەلگۈگە ھۆل قويار دوستلار
ئۈزات سۈپۈرگەڭنى يىراق-يىراققا.
يىگىنە پاتمايدىغان، سۇ سىڭمەيدىغان
گەپ ھەم ئۆتمەيدىغان پىتىر قۇلاققا.
كۆرۈسەن شۇ جايدا جاھىل بىر يىلتىز
زامان تەلۋىلىرى شۇنىڭدىن پەيدا.
بىز يوقاتقان ئىللەت ئۇنىڭغا ئوزۇق
ئەكسىچە يىلتىزنىڭ ئىگىسى شەيدا...
ئۈزات سۈپۈرگەڭنى، ئىچكىرىلەپ كىر
ئەشۇ راك مەنبەئى - يىلتىزنى قومار.
چال، قارىغۇ قەلبلەرگە سېڭىپ نالىڭنى
بولغۇنۇشنى ھېچكىم قىلمىسۇن خۇمار...

## شاخلار ئارزۇسى

(ساتىرا)

ئىدى دەل ئەتىياز بىر تۈپ دەرەخنىڭ،
چېچەك - چوكان بولغان نوۋتا شاخلىرى.

ئاياق ئاستىدىكى تېنىگە قاراپ -
باش چايقىغىنىچە سوھبەتكە چۈشتى:

- بىز گەرچە كوكلىدۇق ئۇنىڭ ئۇستىدە
چېچەككە پۈركەندۇق، گۈزەل قاتمۇ-قات.
ئۇ بولسا قورۇقلار چۈشۈپ يۈزىگە
مىڭە تۇگۈل بەرمەس بولدى بىر ياپراق.
ئۇنىڭسىز ھاياتمۇ كۆل - گۈلۈستانلىق
ئىنسانىنىڭ نەزىرى ھامانە بىزدە.
ئاجرايلى، ئاسانىڭ مەن دەپ بىزلەرنى
ئۇزىگە چىڭ تىگىپ يۈرمىسۇن يەنە...

بۇ سوزنى ئاڭلىغان دەرەخ ئىگىسى
بەدنىيەت شاخلارنى كېسىپ تاشلىدى:
- قېنى ئۇتكۈزۈڭلار ئوزۇڭلارچە كۈن،
كورۇڭلار كىم ئولۇپ كىملەر ياشىندى؟
يىل ئوتمەي، ئاي ئوتمەي، كۈنلەرمۇ ئوتمەي
نوۋتىلەر سولۇشۇپ سالپايدى قۇلاق.
تۇگىدى ئۇندىكى چېچەك - چوكانلار
تۇگىدى دىماققا ئۇرار خۇشپۇراق!

## ھاك

سايلىقتىن ئىزدىدى قوماردى تاغدىن
ئوت يېقىپ كويدۇردى، ئەزدى ئۇن قىلىپ.
مىلىدى سۇ ئىچرە، قېپىندى ئاندىن
پۈركىدى تاملارغا كۆمپەيكۆم قىلىپ.

ۋە لېكىن ئاقلىغى ئۇگىمدى قىلچە
پاك قەلبى، رۇخسارى پارلىدى يېنىپ.
ئۇ ئەسىرلەر سىرى ياشاپ كەلمەكتە
دەۋر بىنالىرىغا گۈزەللىك بېرىپ.

## تەسىرات

ئېتىۋارسىز تاشلار، چېچىلغان قۇملار
بەگۋاش تاغ سۇلىرى، توزىغاق سىمونت.
ئوچ ئىدى ئوز ئارا يەككە ھالەتتە
بىرلىشىپ ياسىدى مۇستەھكەم فۇرۇنت.

ئۇرۇپ گۈرزى بىلەن ئاجراتمىغىنىڭ تەس
ئۇنىڭ قارىشىدا كەلكۈنلەر ياۋاش.
بولمىسا بىر - بىرى بىلەن ھەممىنەپەس
نىمىگە دال ئىدى سۇ، قۇم، سىمونت تاش؟

## بوتىلكىنىڭ زارى

ئۇچ ئاي بولدى تۇردۇم بۇلۇڭدا بىكار،
ئىچىمدە ئىچىملىك قىلمىدى شىكار.

يا سېسىقلىغىمنى تۇيۇپ قالدى ئەل
يا ئوزى سېسىغاننى بىلدى ئول نىگار.

## ئولمەس يۇلتۇزلار

ئاڭلىغانمەن: يۇلتۇز بىزدىن بەك يىراق
نۇرى يىللار ئوتۇپ يېتىدۇ يەرگە.

ئەگەر ئولگەن بولسا، تېخى ئولمەس ساق-
تۇرغان چاغلاردىكى يالقۇنى پارلاپ.

زۇلمەتكە تىغ ئۇرۇپ، چىقار سەپەرگە،
چۈنكى ئۇنىڭ نۇرى نۇر يىلى بىلەن
ئولچۇنۇپ ئىشقىنى قىلىدۇ ئايان.
پايانسىز بوشلۇقنى بوسۇپ بىر مەھەل
تۈننى يورۇتۇشقا تاپىدۇ ئىمكان.
شۇ سەۋەپ ئاسماندا تەلمۈرسەڭ جىنىم
ئۇ چاقناپ يانىدۇ هايات تەك يەنە.
ئاھ ئولگەن يۇلتۇزلار، روھىڭ بى تىنىم
ئولۇشـۈك ئۇلۇقۋار، يولۇڭ ئەنىئەنە…

× ×

بۇ، تۈن ھەم،
بىر تونۇش يۇلتۇز جىمىرلاپ
ساما پازەسىنى بىزىدى رەڭدار.
بەزىدە زەرسىمان، بەزىدە ئاپتاپ ـ
يەڭلىغ، ھىسلىرىمنى قىلدى بىقارار.
مەن ئۇنى كورگەنمەن، كىچىكلىگىمدىن،
بىراق تۇمان ئاگا قۇچاق ئاچمىغان.
ئەمما مەن ئوڭ كەلمەي ؟ لىـا تەلىيىم
ئۇنىڭغا تىكىلىپ چىكەتتىم پىغان.
تاغ چوققىلىرىدىن كەتكەندە شەپەق
كورسەتكەن ئۇ قارا پەردە ئىچرە يۈز.
بەئەينى قاراۋۇل، بىر جايدا ھەيۋەت
مەيلى قىش، مەيلى ياز، مەيلى باھار، كۈز.
پىلىلداپ ئەترا پقا يانغان چىراقلار
زىمنهار باسالمىغان ئۇنىڭ نورىنى.
ئىزدىتىۇ ئىلكىدە ئىگرىغاندا جان
تۇتقان ئىدى ئەقلى ئالەم قويىنى.
يا ئاخشام يا كىچە ۋە ياكى سەھەر
بىر جۈپ شەھلا كوزى ئۇيقىدىن بىدار.
تاڭ ۋەسلىنى ئىزدەپ ئاتلانغان جەڭچى
ئوچمەس يورۇغىغا بولغان خىرىدار.
ئويلايتتىم كوپ يىللار يىنىپ كەلدى ئۇ
يەنە مىليون يىللار تورارمۇ هايات!
ۋە ياكى بىر زامان ئوچكەن يۇلتۇزمۇ
ئوچسە نۇرى ئىچۈك بولمىدى بەرىبات؟
ئويلانما ئەي كوڭۈل، ئۇ، يوق سامادا
ئۇ مۇندىن كوپ يىللار ئىلگىرى ئولگەن.
بەھىساپ يۇلتۇزنىڭ قاتارى ئۇنىڭ
جەسىدى كائىنات ئارا كومۇلگەن.
ئوزى ئولسە ئومرى ھاپات مەشئلى ـ
بولۇپ زىمىننى ئوزرە سەلدەك توكۇلگەن.
ئۇ قاراڭغۇ ئوچۇن خەنجەر مەڭگۈگە
تىنجىماس ئاتەش ئۇ، ئولگەندىمۇ ھەم.

× ×

بۇ، تۈن ھەم، بىر تونۇش يۇلتۇز جىمىرلاپ
ساما پازەسىنى بىزىدى رەڭدار.
بەزىدە زەر سىمان، بەزىدە ئاپتاپ ـ
يەڭلىغ، ھىسلىرىمنى قىلدى بىقارار.

## كەچ ئىپرىكىسى

يەر ـ ئاسمان ئارىسى بەئەينى جەننەت
پىتىۋاتقان قوياش مىسلى گۈزەل قىز.
بېشىغا ئورالغان رومالى شەپەق
چىمىلدىق پەستىكى دولقۇنلۇق دېڭىز.

## ئىش ئىپرىكىسى

تۈن يىرىم، كوكتە قار، توڭلاپ كەتكەن يەر،
تاڭ بىلەن ئىتىزنىڭ ئۈستىدە مەرتلەر.
جۈش، زىمىن مەگزىدە مەرۋايىت ئۈنچە،
كەچ كىرىپ قىر ئوزرە پەيدا ئالتۇن زەر.

## پارچە

مېنى ماختىشىڭدىن ھەيران مەن ئەجەپ
چۈشەنسەم مېنىڭدىن كۈتۈپسەن ماختاش.
بىر چاغ ھالىم توكۇپ يىغلىغان چاغدا
چىقمىغان ئىدىڭغۇ كوزلىرىڭدىن ياش؟




( ھېكايە )

ئابلا ئەخمىدى

— ھوي، قىزىق ئىشقۇ بۇ! مەيەرگە بىر بوتكا پەيدا بولۇپ قاپتۇيا؟

— راست، ئۇنى كىم ئاچقاندۇ؟

— « ئاقبالداق مەخسۇم » ئولتۇرامدۇ نىمە؟

— توغرا، شۇ ئىكەن. ئۇ، بۇ بوتكىدا نىمىش قىلىدىغاندۇ؟

— شۇنى دىسەڭچۇ. باي بالىسىدەك ئولتۇرۇشىنى قارا ئۇنىڭ!

— كاشكى، بوتكا ئۆزىنىڭ بولسىچۇ...

— ئۇ، نىمىسى بىلەن بوتكا ئاچىدۇ؟ تايىنلىق خەققە بوتكا ساقلاپ بىردۇۋاتقاندۇ!

— نىملا بولمىسۇن، ئۇنى بىر گەپكە سېلىپ باقمايلىمۇ!

— نىمە دەپ گەپكە سالىمىز؟

— بوتكىنى كىم ئاچقانلىقىنى توغرۇلۇقچۇ.

— ماقۇل، جۇرە.

— ...

ئىككى ھەپتىدىن بۇيان بۇ تەرەپكە ئۆتمىگەن بىر جۈپ ياش دوست خالتا كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى مەچىتنىڭ يېنىدىكى كىچىككىنە سالىپىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئازادە بوتكىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشقان ئىدى. بۇنى ئاز دەپ، بوتكىدا سالاپەت بىلەن ئولتۇرغان، چاقىقانلىقىنى سەللىسىمۇ، پاختىلىق ئىشتان-چاپان ئۈستىدىن كىيىۋالغان يەكتىگىمۇ ئاپپاق، ۋىجىككىنە بوۋاينى كۆرگىنىدە، ھەيرانلىقى يۈز ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇلار ئۆز ئاتىسىنى قانچىلىك بىلسە، بۇ قۇرۇق ئۈستىخان بوۋاينى شۇنچىلىك ياخشى بىلەتتى، ئۇلارنىڭ بىلەيدىغىنى — بوۋاينىڭ ئەڭ يېقىن سىرلىرى ئىدى. مەلۇمكى، ھەر قانداق يېقىن سىر ئەڭ ئەۋۋەل كونا سەرگۈزەشتىلەر بىلەن بىۋاستە باغلانغان بولۇدۇ:

ئۇ راستىنلا بەيتىلمۇقەددەسنى تاۋاپ قىلىپ «ھاجى» بولغانمۇ ياكى ئاتا-ئانىسى ئارزۇلاپ ئەشۇنداق ئىسىم قويغانمۇ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئەمما، ئۇنىڭ كىچىكىدىنلا بويىنغا تەنزە ئېسىپ، كوچىمۇ-كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ قەن-ناۋات، پاتاسا، پەشمەك سېتىش بىلەن پۈتۈن شەھەرگە تونۇلغىنىنى بىلمەيدىغانلار يوق دېيىشمۇ بولىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى «رىشىت ھاجىم قەنتچى» دېگەن ھۆرمەتلىك نام بىلەن چاقىرىدۇ. ياشلىقىدىنلا بېشىغا سەللە ئوراپ، ئۇچىسىغا قىش-ياز ئاق چوتادىن تىكىلگەن يەكتەك كىيىپ يۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، «رىشىت ھاجىم ئاقپالداق»، «ئاقپالداق مەخسۇم» دېگەن لەقەملەرمۇ قويۇلغان ئىدى. بۇ ھۆرمەتلىك ناملارغا لايىق، ھال-كۈنىمۇ قەدىر ئەھۋال بولۇپ، بىر موردىن بىمالال تۈتۈن چىقىرالايدىغانلاردىن ئىدى. ئۇ، پۈتۈن ئۆمرىدە ئىككىلا پەرزەنت يۈزى كۆرگەن بولسىمۇ، ئوغلىنى گومىنداڭ ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتكىنىچە ھېچقانداق ئىز-دېرىكى بولمىدى. قىزى تورت بالىسىنى يېتىم قىلىشقا كۆزى قىيماي، ئېرىدىكە ئەگىشىپ چەتئەلگە چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا، رىشىت ھاجىم ئەللىك ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بولۇپ، خوتۇنى رازىخان ئاچىمىز ئۇنىڭدىن كىچىك ئەمەس ئىدى...

ھەممە ئادەم داش قازاننىڭ چۆرىسىگە ئولاشقان ھېلىقى كۈنلەرنىڭ دەسلىۋىدىلا، رىشىت ھاجىمنىڭ تەنزىسى قۇرۇپ قالدى. ئۇ كۈنلەردە، قەن-ناۋات دېگەن نەرسە قىس بولۇپ، پەقەت بوۋاقلارلا ئايدا يۈز گىرام قەن ياكى شېكەر بىلەن تەمىنلىنەتتى. تۇرمۇش يولى ئېتىلگەن رىشىت ھاجىم ئەر-خوتۇن بورىچىلىق كارخانىسىغا ئەزا بولۇشتى. تىرىشىپ ئىشلەپ، ئەل قاتارى كۈن كەچۈردى.

ئۇلار بۇ تۇرمۇشىدىن رازى ئىدى!

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، قومۇش مەنبەسى بولمىغان بۇ كارخانا ئاخىر، پۈتۈنلەي ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىدى. ئۈچىلىق-بۆچىلىق كارخانىلىرىمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن-بىرى تاقىلىپ، خېلى تەمبەل ئادەملەرمۇ بىكارچىلىق دەستىدىن تام يۆلەپ ئولتۇرۇپ خىيال سۈرىدىغان ياكى ئىككى-ئۈچتىن بولۇپ قۇرۇق پاراڭ سوقۇدىغان بولۇپ قالدى. رىشىت ھاجىم بولسا، ئۆيىگە بىكىنىپلا ئالدى. ئەمەلىيەتتە، ئەر-خوتۇن ئىككىيلەننىڭ پۈتۈن تىرىكچىلىكى قىزى چەتئەلدىن ئايدا-يىلدا ئەۋەتىدىغان خالتىغىلا قاراشلىق بولۇپ قالدى. تېخى خالتا ئىچىدىكى پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەر تاموژنا ئىدارىسى تەرىپىدىن «سېتىۋېلىنىدىغان» بولغاچ، «سۇنىڭ پۇلى سۇغا كەتتى، قالدى قېتىقنىڭ بەش پۇلى» دېگەندەك ئىش بولاتتى. بىراق، قوشقاچ گۆشىمۇ گۆش-دە!

ئۇلار بۇنىڭغىمۇ رازى ئىدى.

«مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» باشلىنىش بىلەنلا، قىزى بىلەن بولغان ئالاقە پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى. بۇ بىر جۈپ قېرىغا «چەتئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» دېگەن قالپاق كەيگۈزۈلدى-دە، «كۈرەش» تا «تەربىيە» لەندى. بۇ «تەربىيە» بۇۋايغا راستىنلا «مەڭگۈ قەد كۆتۈرەلمەس» قىلىۋەتكىلى تاس قالدى. موماينىڭ ھالىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. بوۋاي ئۆپكە سېلى بىلەن ئاغرىغان ئىدى. موماي ئاغرىمىغىنىنى بىلەن، ئاران-ئاران يەر دەسسەپ تۇراتتى.

گەرچە ئۇلار «كۈرەش»نى «مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملىغان» بولسىمۇ، كۈنى«كۈرەش»-

تىكى چاغدىكىدىن ياخشى بولمىدى. چۈنكى،
» كۇرس « تا كۈندە ئۈچ ۋاخ تاماق بېرىـ
لەتتى، ئەمەلىيەتتە تاماق ئۈچۈن باش قاـ
تۇرمىسا بولمايتتى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ قاراپ تۇرۇپ ئاچـ
لىقتىن ئۆلگىلى بولمايدۇ ـ دە!

ئەمدى ئۇلارنىڭ كوزلىرى بولسىمۇ
بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان
ئوي سەرەمجانلىرىغا تىكىلدى ۋە
ئۇلارنى ئېلىشىغا سېتىپ، قوساقنى پەچىلەشـ
تى، دوختۇرغا، تىۋىپقا خەجلىدى.
شۇنداق قىلىپ، ئەگىزبىلەن تەڭ بوۋاي ئورـ
نىدىن تۇردى. مومايىنىڭ كوز يېشىمۇ بىر ئاز
قۇرىدى. قارىماققا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ ئوز
قېلىپىغا چۈشكەندەك ئىدى: بوۋاي ئىككىنچى
توخۇ چىللىغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ، سوغۇقسۇ
بىلەن تاھارەت ئالاتتى ـ دە، مىچىتقا چىقىپ
كىتەتتى. مومايمۇ چايغا ئوت يېقىۋېتىپ، جەيـ
نامازغا يۈكۈنەتتى. نامازدىن كيىن، ئىككىـ
سى دوستىخاندا يۈزمۇ ـ يۈز ئولتۇرۇپ، خا ـ
لار ـ خالىماس ناشتا قىلاتتى. قىسقىسى بۇ
ئىككى قېرى ھەپتىلەپ ـ ئايلاپ تالا ـ تۈزـ
گە چىقمايتتى، باشقىلارنىمۇ » چەتئەلگە باغـ
لاپ قويماسلىق « ئۈچۈن، ھېچكىم بىلەن كىرـ
دى ـ چىقتى، ئالغۇ ـ بەرگۇ قىلمايتتى. شۇنىڭ
ئۈچۈن بولسا كېرەك، كىشىلەر بوۋايغا »سۇغۇر«
دىگەن يېڭى لەقەمنىمۇ قويۇپ ئۈلگۈردى...

بىر ـ بىرىدىن بەتتەر كۈنلەر كوز ياشلار
بىلەن قوشۇپ، ئون يىللىنى ھاپاچلاپ ئوتۇپ
كەتتى. مورىنىڭ تۈتۈنى بىر پارچە ياـ
غاق مەروزا، بىر داڭقان، بىر ئۈۋرىق، بىر
يۈرۈش رەزگى يوتقان ـ كورپىدىن بولەك بۇ
ئائىلىنىڭ ھەممە بىساتىنى يالماپ ـ يۇتۇپ
كەتتى. » چىقمىغان جان بەك يەردە « دىگەنـ
دەك، ئۇلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئەزالىرى يەـ
ئىلا بۇرۇنقىدەك ئىشلەۋاتاتتى. ئاش ـ تاماق
يەيتتى، ئۇسسۇزلۇق ئىچەتتى. تىرىك ئادەمـ
گە زورۇر بولغان ھەممە نەرسە ئۇلارغىمۇ زوـ
رۇر ئىدى.

لېكىن، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارئۈـ
چۈن ئەمدى زادىلا قول يەتمەس تۇتىيا غا ئايـ
لىنىپ قالدى. قوساق ھامان ئالدىرىتاتتى.
ئاچ ـ زىرىنلىق ئۇلارنى تېخىمۇ ھالىدىن كەتـ
كۈزۈۋېتىپ باراتتى.

قانداق قىلىش كېرەك؟

يورۇق دۇنيادا بىركۈن بولسىمۇ ياشىنىڭ
ئوزى چوڭ سائادەت. بۇنى ئىنتايىن ياخشى
بىلگەن بىر جۈپ مويسىپىت ئۇيان ئويلاپ،
بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى بىر كىشىلىك ئاشلىق
نورمىسىنى يەڭ ئىچىدە قاراڭغۇ بازار نەرقىـ
دە سېتىپ، ئوتۇن ـ ياغاچ، ئوتياش ـ چونەكـ
نىڭ غېمىنى قىلىشتى.

بوۋاينىڭ كېسىلى يەنە قوزغالدى. بۇقىش
پەسلى بولۇپ، بوۋاي ئوز نەزىرىدە ئومرىـ
نىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى ياشاۋاتاتتى. شۇڭا،
دوختۇر ـ تىۋىپقا كورۇنۇپ يۈرمىدى. جامەـ
گىمۇ چىقمايدىغان بولدى. بەش ۋاخ نامازنى
تەرك ئەتمەي ئويدە ئوقۇيتتى. موماي ئۇنىڭـ
غا تۈيدۈرماي دائىم يىغلايتتى. ئەنە شۇنـ
داق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كۈتۈلمىگەن بىر ۋەـ
قە يۈز بەردى: سارىخان ئاچا ئاشلىق پونـ
كىتى ئالدىدا بىرەيلەنگە يىگىرمە جىڭ قوـ
ناق ئۆنىنى سېتىپ، پۇلنى ساناپ ئېلىۋاتـ
قاندا، خەلق ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن تۇتۇـ
لۇپ قېلىپ، پۇلى مۇسادىرە قىلىندى.
ئوزى ئاھالە كومىتېتىقا
ھەيدەپ كېلىندى. موماي قورققىنىدىن پۈتۈن
ئەزايى جالاقلاپ تىترەيتتى. ئاغزى زادىلا
گەپكە كەلمەيتتى. ئاھالە كومىتېت مۇدىرى
ئۇنىڭ بىلەن بىر سائەتتەك سوزلەشكەن بولـ

سىمۇ ، ئۇنىڭدىن ھېچ قانداق سىر ئالالما-
دى . ئاخىر ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ
ئۆيىگە كەلدى . بوۋاي مۇدىرنى ئۆز
ئۆيىدە كورگەندە شۇنداق سارا سىمى-
گە چۈشتىكى ، كوزلىرى چانىغىدىن
چىقىپ كەتكىدەك چەكچىيىپ يوتقان بىلەن
بىر تۈۋقان بولۇپلا كەتتى . ئۇنى بۇ ھالدا
كورگەن مۇدىر بىر نەچچە ئېغىز تەسەللى
سوزلىرىنى ئېيتتى ـ دە ، خوشلىشىپ چىقىپ
كەتتى ...

ئەتىسى كۈن قىزىلىدا بوۋاينىڭ بوسوغىسى-
دا بىر دانە دوختۇر ماشىنىسى پەيدا بولدى.
مۇدىر بوۋاينى يۈدۈپ ماشىنىغا ئېپچىقتى .
بۇچاغدا موماي خۇدىنى يوقاتقىلى تاس -
تاماس قالغان بولۇپ ، كوز ئوڭىدا بولۇۋاتـ
قان بۇ ئىشلارغا داڭ قېتىپ قاراپ تۇرغىنى-
تۇرغان ئىدى . كوز ياشلىرى يامغۇردەك تو-
كۈلەتتى .

..............

× . ×

چېچەك - چوكان ئېچىلىپ ، يەر جاھان
رەڭدار گىلەمدەك ياسالغان كۈنلەردە ، بو -
ۋاي يەنە جامەدە پەيدا بولدى . پەرق شۇ
ئىدىكى ، ئەمدى ئۇ ، نامازدىگەر بىلەن شام،
خۇپتەن ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتلارنى جامە-
نىڭ پەشتىقى ئاستىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ،
تەڭتۇشلىرى بىلەن مۇڭدىشىپ كوتكۈزەتتى .
ھەر كۈنلۈك تامىقىغا كېتەرلىك چامغۇر، يۇم-
غاقسۇت ۋە ئىككى زىخ كاۋاپنىڭ گوشىنى
سېتىۋېلىش ئۈچۈن ، ھاسىسىنى توكىلدىتىپ
بازارغا چىقاتتى . ئاھالە كومىتېتىنىڭ مەج-
لىسلىرىدىن بىر كۈنمۇ قالمايتتى . ئۇنىڭ -
بۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان چاغلىرىدا،
ئومرىنىڭ ئاخىرىدا پارتىيە ئۆزىگە قانداق
غەمخورلۇق كورسىتىۋاتقانلىقىنى زوق - شوق
بىلەن سوزلەپ كېتەتتى . مومايغىمۇ ئانچە-
مۇنچە چاخچاق قىلىپ قويا تتى . موماي ئوي
ئىشلىرىدىن بىكار بولغاندا ، خۇلۇم - خوش -
نىلىرىنىڭكىگە چىقىپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگ-
مەي ياخشى كۈنلەرنىڭ تەرىپىنى قىلاتتى.
ئۇنىڭ پۇت - قولى ئۇچتەك يەڭگىل ، ئىش -
تىھاسى ساز ئىدى. ھىلىلىدەك قورۇلۇپ كەت-
كەن يۈزلىرىدىن كۈلكە كەتمەيتتى.

ــ خوتۇن،ــ دىدى بىر كۈنى بوۋاي كۆپ-
كۆپ زىرە، قارىمۇچ پۇراپ تۇرغان، ئىلىكتەك
سوللۇك نېرىن چوپىنى ئىشتىھا بىلەن يەپ ئول-
تۇرۇپ،ــ ھىلىقى نەرسە باردۇ؟

ــ نىمە؟ــ موماي ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن
تىكىلدى،ــ نىمىنى دەيسىلە؟

ــ ھىلىقى... ئوزى... ھە، ھىلىقى نەرسە بار-
غۇ...

ــ نىمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ ئادەم! قايسى
ھىلىقى نەرسىنى دەيسىلە؟

ــ ھىلىقى ئۇلۇغلۇك... ھە... ئوزى... ھىلى-
قى بىلەيزۈكنى دەيمەن.

ــ بار، بولمامدىغان! جېنىمدا ساقلاۋاتى-
مەن دەڭلا ئۇنى!

موماي مەغرۇر كۈلۈمسىرەپ، پاختىلىقچا-
پىنىنىڭ قولتۇغىنى سىلاپ قويدى. بوۋاي دۇ-
دۇقلاپ سوزىنى داۋام قىلدى:

ــ ئۇنى... ياق، ئوزى... ئۇنىڭ بىر پېيى-
نى ...

ــ نىمە!؟ مومايىنىڭ نىمىنىدۇر سەزگەن يۈ-
رىكى ئەنسىز دۈكۈلدەپ كەتتى. ھەيرانلىقتا
چەكچەيگەن كوزلىرى بوۋايغا مىختەك قادال-
غان ئىدى،ــ ئۇنىڭ بىر پېيىنى...؟

موماي سوزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.
قولىدىكى چىنە ھازىرلا يەرگە چۈشۈپ كېتىدى-
غاندەك داۋالغۇيتتى. بوۋاي گويا ئۇنىڭ بۇ
ھالىتىنى سەزمەيۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا چوڭقۇر

مېھرى بىلەن تىكىلگىنىچە سالماقلىق تەلەپ-
پۇزدا ئۆزمۇددىئاسىنى چۈشەندۇردى:

— مۇنداق ئىش، — دىدى ئۇ، — ھوكۇمەت
ھازىر پۇخرالارنىڭ ئەركىن تىجارەت قىلىشىغا
رۇخسەت قىپتۇ. ھە... ئۆزى... ھوكۇمەتنىڭ بۇ
ئىشى مىدىرلىغىدەك جېنى بار ئادەملەرنى
تەۋرىتىۋېتىپتۇ. ھە... ئۆزى... شەھەرنىڭ قاي-
سى كوچىسىغا بارما، ھەممە يەر تەۋەڭ، پەش-
غۇن، تەنزە، غالتەك بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ، —
بوۋاي سەل توختاپ، يەكتىگىنىڭ يېڭى بىلەن
ياشاڭغۇراپ قالغان كوزىنىڭ جىيىگىنى سۈرت-
تى، — مەنمۇ ئۆزى...

— تەنزە ئاچقىڭلار كىلىۋاتامدۇ؟

موماي ئۇنىڭ سوزىنى بولدى. بوۋاي جان-
لىنىپ سوزلەپ كەتتى:

— ھەببەللى!... تاپتىڭلا خوتۇن، تاپتىڭلا!
ئۆزى - زە، قالتىس ئەقىللىق خوتۇن جۇمۇ
سىلە!...

— خۇدايا توۋە دەپ، سىڭگەن نېنىڭلىنى يەگ-
لا دادىسى! — موماي كەسكىن ئېتىراز بىلدۇر-
دى، — كوممۇنىتتىن ھەر ئايدا 30 كوي قۇتقۇ-
زۇش بېرىۋاتىدۇ. قىزىمىزدىنمۇ خەت كەل-
دى، يەنە بەش-ئون كۈن ئوتسە، خالتىمۇكى-
لىنىپ قالىدۇ. سەكسەن ياشنىڭ قارىسىنى ئال-
غان ئادەم بۇ قىش - قورادا جىنىڭلىنى قىي-
ناپ نىمە قىلىسىلە!؟ — موماي ھېجىرنى ئىككى
قوللاپ تۇتۇپ، بوۋايغا تىخىمۇ يېقىنراق سۈ-
رۇلدى، — سىلە دائىم: «شۈكرى قانائەت
رەخمانى، مالۇ - مۈلكەت ۋەسۋەسىگە چۈشمەك
شەيتانى» دەيتىڭلىغۇ؟ مانا ئەمدى كىلىپ،
پۇلنىڭ غېمىدە قاپسىلە... قويۇڭلار ئۇنداق
گەپنى!

— خوتۇن، گېپىمنى تۈزۈك ئاڭلىماڭلىچۇ! —
بوۋاي ئارانلا ئىككى تال ئوتتۇرچىشى قال-
غان كىچىككىنە ئاغزىنى كامارىدەك ئېچىپ،
خىقىراپ كۈلۈپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرا-
يى بىغىرغا چۈشكەن پىسەن قوغۇندەك قىر-
ماش - چىرماش سىزىقچىلار قاپلىغان ئىدى، —
مىنىزە، ئۆزى... بىر پۈتى گورگە ساڭگىلىغان
چاغدا شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، پۇل - پۇ-
چەك توپلاشنىڭ كويىغا چۈشىۋاپتۇ، دەپ ئوي-
لاپ قاپسىلەردە؟ ھى - ھى ھى!... ياق خوتۇن،
ئۇنداق ئاچكوزلۈكتىن ھەق سۇبھانىھۇتائالا
ئۆزى ساقلىسۇن! مەن سىلىگە دىسەم،
ھە... ئۆزى... بۇ مۇنداق گەپ: سىلىگىمۇ ئا-
يان، ئۆزى... ئۈچ يىلىنىڭزى ھوكۇمەت بېشى-
مىزنى سىلاپ، ھالىمىزدىن خەۋەر ئېلىپ كې-
لىۋاتىدۇ ئۆزى... ئۇلۇغ پەرۋاردىگارى ئالەم
ھوكۇمىتىمىزنىڭ چىققان دوۋىسىنى تېخىمۇ
ئېگىز قىلسۇن!... مېنىڭ دەيدىغىنىم: ھوكۇمەت-
كە تاۋان تاشلاپ، «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ
ئولىمەن» دەپ يېتىۋەرمەي، ئۆزىمىزمۇ ئانچە-
مۇنچە تىمىسقىلاپ قىمىلىسىق دەيمەن. مەسىلەن
دىسەم، ئۆزى... ھىلىقى قۇتقۇزۇش...

— بۇندىن كېيىن قۇتقۇزۇش ئالمىساق
دەمسىلە؟

— ھەببەللى، تازا كوڭلۇمدىكىنى تاپتىڭ-
لا، ئۆزى... مەن بۇ گەپنى خېلى بۇرۇنلا سى-
لىگە مەسلىھەت سالماقچى ئىدىم، ھەي، نىمىسى-
نى دەيسىلە... ئۆزى... نەپسى شەيتان گېلىم-
نى بوغۇپ، شۇ چاققىچە ئېغىز ئاچقىلى قوي-
مىدى، ھە، ئۆزى... سىلىگىمۇ كۈندەك ئايدىڭ:
بىز ئېلىۋاتقان قۇتقۇزۇش ئەسلىدە تۇل خو-
تۇن، يېتىم - يىسىرلارنىڭ ھەققى. ئۆزى... ھو-
كۇمەت بىزنىمۇ شۇلار قاتارىدا ساناپ، ئەشۇ
پۇلدىن بەھرىمەن قىلىپ كىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ
ئۈچۈن قانچە رەخمەت ئېيتساق ئەرزىيدۇ.
ئەمما ئۆزى... بېشىمىز پاتقىدەك ئويىمىز، بىر-
ئىككى سەر ئېرىغ مېلىمىز بار تۇرۇقلۇق، يېتىم-
يىسىرلەرنىڭ ھەققىنى يىسەك، تېنىمىزگە قان-

داق سىڭىدۇ؟ ياق خوتۇن، بۇنى ا خۇدامۇ راۋا
كورمەيدۇ!...

— ئۇنى مەنمۇ بىلمىگەن يەردە ئەمەس...

— ھەببەللى!... ھەق گەپنى قىلدىڭلا خو-
تۇن!- بوۋاي خوتۇنىنىڭ سوزىنى ئىلىۋال-
دى،- شۇڭا دەيمەنكى، ئوزى... ھىلىقى بىلەي-
زۇكنىڭ بىر پەيىنى سېتىپ، كىچىككىنە تەنزە
ئاچاي، دەيمىنا؟

بوۋاي زور ئىشتىياق بىلەن سوزلەپ، ئوز
پىلانلىرىنى يېيىپ دىن - يىڭىنىسىگىچە چۈشەن-
دۇردى. موماي دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، كوزىنى
بوۋايىنىڭ ئاغزىدىن ئۈزمىدى. ئاشمۇ سوۋۇپ
قېلىۋاتاتتى.

— شۇنداق قىلساڭلىغۇ بەكمۇ ئوبدان بو-
لاتتى،- دېدى موماي خېلى ئۇزۇن خىيال سۈر-
ۋالغاندىن كېيىن،- مەن بولەك بىر نەرسىنى
ئويلاپ قېلىۋاتىمەن ...

— نىمىنى ئويلاۋاتىسلە؟- كوكسى تىزىغا
تەككىدەك ئېگىشىپ ئولتۇرغان بوۋاي قەدد-
نى سەل رۇسلىدى،- دەپ بېقىڭلا ئوزى.

— راستىمنى ئېيتسام، ئىككى پۇتىمىز گور-
گە ساڭگىلىغان بۇ كۈنلەردە، سىياسەتنىڭ ئوز-
گىرىپ قېلىشىدىن قىلچە ئەنسىرىمەيمەن،- مو-
ماي چوڭقۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋالدى،- ئۇن-
داق كۈنلەر يېتىپ كەلگىچە، خۇدايىم ئالىد-
غان ئامانىتىنى ئېلىپ بولار!- موماي ئاقدا-
كا رومال ئاستىدىن چىقىۋالغان بىر نەچچە
تال چېچىنى تۈزەشتۈرگەچ داۋام قىلدى،-
مېنىڭ قورقىدىغىنىم: قولىمىزدا بىر-ئىككى سەر
ئالتۇنىنىڭ بىلەيزۈگى تۇرۇپ، شۇنچە يىلىنىمىزى
ھوكۇمەتنى ئالداپ كەلگىنىمىزنى كومتىت
بىلىپ قالسا، مۇندىن كېيىن بىزگە خوۋلۇق
بولماسىمكىن، دەيمەن.

— ھا - ھا، ھا - ھا!... - بوۋاي قاقاھ-
لاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ سوزىنى
داۋام قىلدى. ئەمدى ئۇ، ياش يىگىتتەك بې-
لىنى تىكلەپ، راۋۇرۇس ئولتۇراتتى، - خو-
تۇن، مېنى بۇنى ئويلىمىدى، دەمسىلە؟ئويلى-
دىم! سىلىگە ئاغزىمدىن چىقارمىغىنىم بىلەن،
بىر - ئىككى يىلنىڭىزى كۈندە ئويلايدىغىنىم
مۇشۇ ئىش. ھە، ئوزى... ئويلا، ئويلا، ئاخى-
رى تەۋەككۇل قىلاي دىگەن يەرگە كەلدىم.
ئويلاپ بېقىڭلار. ئوزى... شۇنچە يىلنىڭزىھەم
ئوزىمىزنى، ھەم ھوكۇمەتنى ئالداپ مۇشۇ
يەرگە كەپتۇق. ئەمدى قارايدىغان بولسام،
ئوزى... بۇ قىلغىنىمىز بەئەينى ئوز مېلىمىز-
نى ئوزىمىز ئوغۇرلىغاندەك ئىش بولاپتۇ.ئۇ-
نىڭدىن كورە، ئوزى... تەشكىلگە راست گەپ-
نى ئېيتىپ، پىشانىمىزگە كەلگەننى كورەيلى،-
بوۋاي ئاپپاق، ئىنچىكە بۇرۇتى بىلەن كى-
چىككىنە ئوچكە ساقىلىنى بارماقلىرى بىلەن
تارىغاچ، مەغرۇر تەلەپپۇزدا قوشۇپ قويدى،-
ئەگەرچەندە ھوكۇمەت راست گەپ قىلغان گۇ-
ناھىمىز ئۈچۈن جازالايدىغان ئىش بولسا،ئو-
زى... ھە... ئوزى... ئۇمۇ خۇدانىڭ ئىلتىپا-
تى!...

بوۋايھەر قانچە چۈشەندۈرسىمۇ موماي گەپ-
ىسمىدى. ھەتتا ئاخىرىدا گەپنىڭ پوسكاللىس-
نى ئېيتىپ، بوۋايىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى:

— ئولسەممۇ بىلەيزۈكنى ساتمايمەن! -
دېدى ئۇ تەرىنى تۈرۈپ، - ئۇ ماڭا ئانام-
دىن قالغان تەۋەررۈك! ئۇنى مەن ئاغزىدا كەم
ئاتمىش يىلنىڭزى جېنىمنى ئاسرىغاندەك ئە-
تىۋالاپ ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. ئېسىڭلىدەبار-
دۇ: قىزىمىز ھىلىقى بىر نىمە يەگە چىقىپ
كېتىدىغان چاغدا، ئەشۇ بىلەيزۈكنى تالاشقان
بولسىمۇ بەرمىگەن ئىدىم. ئەمدى زە... ياق،
ئاخىرەتلىكىمىزگە ئاتىغان ئۇ نەرسىنى ئۇھەر
گىزمۇ ساتمايمەن!

......

ئازغىنا كەم بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. قېلىن ياققان قاردىن كېيىن ھاۋا شۇنداق سوۋۇپ كەتتىكى، ئېغىزدىن چىققان تۈكۈرۈك يەرگە چۈشكىچە توڭلاپ قېتىپ قالاتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، رىشتەھاجىم قەنچى، ئۈچ ۋاخ تاماق يېيىش ئۈچۈنلا ئۆيدە پەيدا بولمىسا، باشقا چاغلارنىڭ ھەممىسىنى تالادا ئۆتكۈزەتتى. جامەنىڭ سۇپىسىدىمۇ ئولتۇرمايتتى. بەلكى ھاسىسىنى تۈكىلدىتىپ، شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلايتتى. تونۇش ـ بىلىش ئۆقەتچى ھوپىگەرلەرنىڭ غالتىكى، تەنزىسى ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ يەردە سائەتلەپ ـ سائەتلەپ تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇلار بىلەن قىلىشمىغان گەپلىرى، سورىمىغان سوئاللىرى قالمايتتى. خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن، ھويلا ئىشىكىنى ئاستا قاقاتتى ـ دە، ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىنى ئورۇنغا تاشلاپ، چەكسىز خىيال دېڭىزىغا غەرق بولاتتى…

مۇندىن ئىككى ھەپتە بۇرۇن، بوۋاي يەنە بىر قېتىم بىلەيزۈكنى سېتىش توغرۇلۇق گەپ ئاچقان ئىدى:

— ساتمايمەن دىدىم، ساتمايمەن! ـ دەپ چالۋاقىدى موماي، ـ يا قىزىم بىلەن دىدار كۆرۈشكەندە ئۇنىڭ بىلىكىگە سېلىپ قويىمەن، يا بولمىسا، مەن كۆز يۇمغاندا ئۆزۈڭ ساتىسەن!…

— ساتمىساڭ مەيلىڭ! ـ بوۋايمۇ ئۆزىنى باسالماي ئۈنلۈك ۋاقىرىدى، ـ لېكىن مەن قول ـ ئىلكىمدە ئاز ـ تولا بىر نەرسەم بار تۇرۇپ، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ ھەققىنى يېيەلمەيمەن! ئۆزى… مېنى ئالەمگە پاك كېلىپ، پاك كەتكىلى قويمىساڭ، ئۇنى ساتىمەن!

بوۋاينىڭ بۇ كەسكىن قارارى مومايىنىڭ جان ـ پانىنى چىقىرىۋەتتى. ئۇ، بىر تەرەپتىن ھۆكىرەپ يىغلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن:

« ئۇنى سېتىپ، پۇچۇق كۆمبەزگە چىقىپ ئولتۇرامدۇق؟! » دەپ قايىپ، ئۇنى بېشىغا كەيدى. ئىككىيلەن بىر تەككىگە باش قويغان شۇنچە يىللاردىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ « سەن ـ پەن » دېيىشىپ قالمىغان بۇ قەدىناس ئەر ـ خوتۇننىڭ بۈگۈنكى جېدىلى زادىلا بېسىقمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى…

ھويلا ۋە ئۆي ئىچى خولۇم ـ خوشنىلار بىلەن تولغان چاغدا، موماي ئاللىقاچان ھۇشىدىن كەتكەن بولۇپ، رەڭگى ـ روھى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن بوۋاي ساقىلىنى تۇتاملىغىنىچە لاغىلداپ تىترەپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە ئىدى. تەجرىبىلىك خوتۇنلاردىن بىر نەچچىسى مومايىنىڭ چۆرىسىگە ئولاشتى. شۇنچە كۆپ ئادەم يىغىلغىنىغا قارىماي، ئۆيدە گورىستان جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرەتتى. چىرايلاردا ماتەم قايغۇسى ئەكس ئېتەتتى. ھەسرەتلىك ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشلار يۈرەكنى ئېزەتتى.

بۇ دۇنيادا يەيدىغان رىسقى ـ نېسىۋىسى بار ئىكەن، موماي ئاخىر ھۇشىغا كەلدى. چىرايلاردىكى ئەنسىزلىك ئورنىنى خاتىرجەملىك ئىگەللىدى. باشقىلار بىلەن تەڭلا بۇ يەردە ھازىر بولغان ئاھالە كومىتېت مۇدىرى كۆپچىلىكنى ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە دالالەت قىلىپ، بۇ ئىككى قەدىناس بىلەن سەممىمى ئەھۋاللاشتى. گەپ ئارىسىدا باياتىنقى ماجىرانىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگەن ئىدى، ئىككىيلەن: "سەن ئېيت!… "، "سەن ئېيت!…" دېيىشىپ، تۈزۈك گەپ قىلغىلى ئۇنىمىدى. خېلىدىن كېيىن، بوۋاي ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنلا ھەممە « سىر » نى ئېچىۋەتتى. بۇ چاغدا موماي شۇنداق نالە ـ پەرياد كۆتەردىكى، مۇدىرنىڭ ئىچى ئاغرىغىنىدىن كۆز چاناقلىرى نەملەشتى. بوۋاي ھەيكەلدەك قېتىپلا قالغان ئىدى.

مۇدىر موماىغا ئوبدان بىر سائەتچە تەسەللى - خاتىر بەرگەندىن كېيىن، خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇزىتىپ چىققان بوۋايغا بىر-ئىككى كۈن تالا - تۈزگە چىقماي، موماىغا كۆز - قۇلاق بولۇشنى ئالاھىدە تاپىلىدى…

مۇدىر ئۇلارنى ئالدىمىغان ئىكەن: ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، بوۋاينىڭ ئارزۇسى ھەقىقەتەن ئەمەلگە ئاشتى. موماي خىجالەت بولغىنىدىن، ئۆزىنى قويۇدىغان يەر تاپالماي قالغان ئىدى. ئۇ،چاپىنىنىڭ ئەستىرىنى سۆكۈپ، بىر جۈپ ئالتۇن بىلەيزۈكنى چىقىرىپ، مۇدىرنىڭ ئالدىغا قويغانىدا، مۇدىر:

— بۇنى شۇنچە يىل ساقلاپلا، مۇندىن كېيىنمۇ خاتىرجەم ساقلاۋەرسىلە، مەن بۇ سىرلىرىنى ھېچكىمگە تىنمايمەن،- دەپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى.

……

يىگىتلەر بوتكىغا يېقىنلاپ كېلىشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھاجىكا،- دېدى ئىككەيلەن تەڭلا،- بوتكا ئېچىۋاپسىلا، مۇبارەك بولسۇن!

— قۇللۇق!- بوۋاي كۈلۈمسىرىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، يىگىتلەرگە ئىلتىپات كۆرسەتتى،- ئورۇندۇققا كېلىڭلار بالىلىرىم. بىر نەرسە لازىممىدى؟

بوۋاينىڭ جاۋابىدىن تېخىمۇ ھەيران بولۇشقان يىگىتلەر:

— ھەئە،- دېيىشتى - دە، بوتكىغا يانداپ قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشتى،- ئازراق ناۋات لازىم ئىدى.

— ئوبدان، بالىلىرىم، ئوبدان! ئۇزى… نوكچىسىدىن بېرەيمۇ، قازان تېگىدىنمۇ؟

— قايسىسىدىن ئالساق بولاركىن؟

يىگىتلەر بىر - بىرىگە سوئال نەزىرىدە تىكىلىشتى. بوۋاي چۈشەندۈردى:

— نوكچىسى شېشىدەك پاكىزە، ئەمما بىر ئاز قىممەترەك. ئۇزى… قازان تېگىسەل بېزەپ، نەرقىمۇ ئەرزان. نوكچىسىدىن بېرەيمىكىن؟

— ماقۇل.

— توختاڭلار،- جىڭغا قول ئۇزاتقان بوۋاي نېمىدۇر ئېسىگە يەتكەندەك، قولىنى ئىتتىك تارتىۋېلىپ، يىگىتلەرگە بۇرۇلدى،- ئۇزى… ئاۋال بىر پىيالىدىن چاي قۇياي. ئاندىن، كۆڭلۈڭلار خالىغاننى تارتىپ بېرەي.

بوۋاي يىگىتلەرنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ئولتۇرماستىن، شىكەر قاچىلانغان خالتا ئۈستىگە كۆمتۈرۈپ قويۇلغان پىيالىلاردىن ئىككىنى ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى - دە، ئاتەشداندىكى ئارچا كۆمۈرنىڭ چوغىغا پاتۇرۇپ قويۇلغان جانان چەينەكتىكى چاي بىلەن پىيالىلارنى پاكىزە چايقىدى ۋە يېرىم - يېرىمدىن چاي قۇيۇپ، يىگىتلەرگە ئىككىلى قوللاپ تۇتتى. چاي ناھايىتى قېنىق دەملەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاپىدىيان، رومبىدىيان، پىلپىل، قەلەمپۇرنىڭ خۇشبۇي ھىدى گۇپۇلدەپ دىماقلارغا ئۇرۇلدى.

يىگىتلەر چاي ئوتلىغاچ، بوۋاينى گەپكە سېلىشقا باشلىدى:

— ھاجىكا، بوتكىنى قاچان ئېچىۋاللا؟

— ئۇزى… خۇدايىم بۇيرۇسا، تۆت كۈن بولدى.

—خېلى جىق دەسمايە سالغان ئوخشىماملا؟

— نېمە دەسمەم بولۇدىكىن؟ ئۇزى… بەش يۈز كويدىن جىقراق…

— ۋاھ… قالتىسقۇ!- يىگىتلەر بىر - بىرىگە تېخىمۇ زور ھەيرانلىق بىلەن قاردۇبلىشتى،- بۇنچە پۇلنى…؟

— ھەيران قېلىۋاتامسىلە ؟ - بوۋاي خۇشاللىقتىن پۇرۇلۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى مۇ-

غەمـبىرانە قىسىپ ، يىگىتلەرگە مەنىلىك تىـكىلدى، ـ ئۇزى… بەندىگە ئامەتكەلسە، تو-گە مايىقى ئالتۇن بولاپتۇ ، دىگەندەك ،ھەمـمىنى پارتىيە بەردى : بوتكىنىمۇ ، مالىنـىمۇ نىسى بەردى.

ــ قالتىس ياخشى ئىش بوپـتۇ ، ھاجىـكا ئەمدىزە ئۇيلىرىدەھەركۇنى پولو بىلەن شور-پا قايىنايدىكەن ـ دە.

ــ ئۇنى بىر دىمەڭ، بالام! " ئارپىدىيان ئىچمىگەنلەر ، ئەمدى ئىچۇر چاي ؛ تەخەي-خوتەك مىنمىگەنلەر ، ئـەمدى مىنـۇر تاي " دەپ ، پارتىيە بىر ھەپـتە ئىچىدىلا قـازد-ىمىنىمۇ ، چومۇچۇمنىمۇ ياغ قىلىۋەتتى دەڭ-لا! ئۇزى … مەن سىلىگەبىر گەپنى دەپ بىـرەي : ئەتتىگەننىڭىزى ئاتىمـش ئۇچ كـويغا سودا قىپتىمەن . ئۇنىڭ ئون پىرسەنتى مـا-ڭا قالسا ئۇزى…چارىگىكەم بىر كۇندە ئالتە كوي ئوتتۇز پۇڭ تاپقان بولىدىكەنمەن. ئوي-لاپ بېقىڭلار، ئۇزى… بىر چاغلاردا مەن تۇر-ماق ، بەرزۇدەك يىگىتلەردىن بەش ـ ئالتىسى بىر بولۇپمۇ ، بىر كۇندە بۇنچىلىك پۇل تـا-پالمايتتى . ھەي …ئۇزى … !

ناماز دىگەرگە چىققان ئەزان بوۋاينى گە-پىنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلدى . يىگىتلەرمۇ ناۋاتتىن بىر كىلوگىرامدىن سېتىۋېلىشتى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى .

× ×

مېنىڭ بۇ ھىكايىنى ئاڭلىغىنىمغا بىر يىلـغا يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، بەزى ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، قولۇمغا قەلەم ئالالمـاغان ئىدىم، يېقىندا قەتئى نىيەتكە كەلدىمـدە، رىشىت ھاجىم قەنجى بىـلەن ئۇچراشتىم. ئۇنىڭ ئولتۇرغىنى يـەنىلا بـوتكا بـولسىمۇ، بوتكىنىڭ ئىچى ۋە ئالدى ھەر خـىل تـاتلىق تۇرۇملار بـىلەن تـولغان ئىدى. بـوۋاينىڭ يۇزىگە بـىرلىك ئـەت قونغان بـولۇپ، ئون-يىگىرمە ياش ياشىرىپ قالغاندەك كورىنەتتى. ئىككى گېپىنىڭ بىرىدە يېڭى سىياسەتنى ماخـتايتتى.

ئۇ، ئۇز كەچۇرمىشلىرىنى سىپايىلىق بىلەن سوزلەپ كېلىپ، خوتون ئۇستىدە توختالغىنىـدا، بىردىن قاقاھلاپ كۇلۇپ كەتتى. ئاندىن:

ــقارماسىز بالام، بۇ خوتۇنىنىڭ ئـەسكـلىگىنى! ــ ئۇ "ئەسكى» دىگەن سوزنى غەلىتى تەلەپپۇزدا ئېيتتى،ــ ئۇزى… ھـىلىقى بـىر جۇپ بـىلەيزۇكنى دولەتكە سـېتىپ، پـۇلىنى بانكىدا ئامانەت قويىۋاپتۇئۇزى!…سورۇشتۇر-سەم، نىمە ـ دەيدۇ دىمەمسىز: "بىرەر مىڭكوي-غا كۇچىمىز يەتكۇدەك تۇرسا، بۇنى سېتىپنىمە قىلىمىز؟ دەپ توسۇپ قويۇشىڭلىدىن ئەنسـىرەپ، سىلىگە ئۇختۇرمىدىم. خاپا بولماڭلا، ئوي-دە بىكار تۇرغاندىن كورە، ھوكۇمەتكە پـايدا يەتكۇزسۇن....» دەيدۇ. تېخى مەن توسۇپ قو-يۇمىشمەن!ھىم... مانا مۇشۇنداق گەپ ئۇزى!...

# تاغ ناخشىلىرى

(سىكىل)

تۇنىياز مەتنىياز

## مۇقەددىمە

مەن سۆيىمەن تاغۇ ـ تاشلارنى،
مەن سۆيىمەن باغۇ ـ ئىرەمنى.
چۈنكى ئەشۇ گۈزەل كائىنات،
رام ئەتكەشكە بار ئەقىدەمنى.

ئەشۇ گۈزەل ھايات ئىشقىدا،
قەلبىم ئاتەش ۋە ياكى گۈلخان.
ئىڭگەك بىلەن مەن ئاچقاندا كوز،
ئەشۇ گۈلخان تەڭلا يېقىلغان.

ئىڭگەكلىرىم ئەمەستۇر زارلاش،
ئىڭگەكلىرىم ـ بىر ئوتلۇق ناخشا.
شۇ ناخشامغا جۆر بولغان ئانام،
ئېيتىپ لەرزان ئەللەيىنى باشتا.

ئانام سۈتى بىلەن تارالغان،
شۇ ناخشىلار مېنىڭ قېنىمغا.
بوۋام ئەجرى بىرگە تارالدى،
لاي ـ لاي بىلەن يىگەن نېنىمغا.

دىمەك ئوستۇم ئوڭ بولدۇم بۈگۈن،
شاتلىنارمەن ناخشا ئىلكىدە.
ناخشىلىرىم ھەمرادۇر ماڭا،
مەيلى كۈندۈز،مەيلى كېچىدە.

شۇڭا ھارماي توۋلايمەن ياڭراق،
گاڭ ناخشامنى باغ ۋە تاغلاردا.
پەرۋازىغا بولبۇللار تەڭكەش،
ناۋا ئەيلەر گۈلشەن باغلاردا.

## تاغ يوللىرى

ئاسمانغا تىرەلگەن تىك چوققىلارنىڭ،
بىلىگە ئورىغاندەك كۈمۈش بەلۋاغ.
تۈرىدۇ كوز ئالدىمدا تاغ يوللىرى،
تۈنجى رەت تىيانشانغا مەن چىققان چاغ.

چىقىشار چوققىلارغا شۇ يول بىلەن،
كۈن ۋە تۈن توختىماي پولات دۈلدۈل.
بولۇتلار ئارىسىدا ماتۇر ئۈنى،
سايرىشار شاتلىغىدا بولۇپ بۈلبۈل.

تاغ ئۈستى غەزىنىدۇر ساخاۋەتلىك،
مەيلى ئۇ يېشىل بولسۇن، مەيلى قاقاس.
ھاياتنىڭ گوھەرلىرى موككەن ئاڭا،
شۇ سەۋەپ بۇ يەر ھېچچاغ ئەمەس تىمتاس.

مانا باق ئولكەمدىكى زاۋۇتلارغا،
(تۇرخۇنى ئەشۇ تاغلار بىلەن تەڭداش.)
ئۇ ئالارئوزىغىنى شۇ دىياردىن،
دېمەك ئۇ، تيانشان بىلەن قانداش.

ياكى باق تاغ يوللىرى بويلاپ كەتكەن،
ياپ - يېشىل زۇمرەت كەبى كەڭ دالاغا.
تۇرار ئۇ، سېخىلىقتا ئېچىپ قۇچاق،
تولدۇرۇپ كەڭ قوينىنى پادىلارغا.

شۇ سەۋەپ ئۈزۈلمەيدۇ ئەشۇ يولدىن،
ئىنسانلار ھاياتنىڭ دىل رىشتىسى.
ئۇ قالار مەڭگۈلۈككە بولۇپ شاھىت،
ئىشچانلار ئىزلىرىنىڭ گۈل كەشتىسى.

## خاڭچى

گەر بولسىمۇ مىڭ گەز قېلىن تيانشان،
تامچە تېمىپ ئاچقان تۆمەن ھاڭلار بار.
بولسىمۇ گەر شۇنچە قاتتىق تاغۇ - تاش،
ئاددى قوللار قازغان سانسىز خاڭلار بار.

ئەشۇ خاڭنىڭ بويلىرىدىن ئۈزۈلمەس،
كېچە - كۈندۈز ھاجەتمەنلەر ئايىغى.
بىرسى كەتسە مېڭى كىلەر ئىز بېسىپ،
دېمەك ئۇلار «قارا ئالتۇن» ئاشىغى.

«قارا قىزنىڭ مېھرى ئىسسىق» دىگەندەك،
خاڭچى ئاڭا كوڭۇل بەرگەن پەرۋانە.
موكسىمۇ ئۇ تاقىر تاغلار تەكتىگە،
ئېلىپ چىقار مۇشكۇل يېڭىپ مەردانە.

ئەنە خاڭچى قولىدا باركان چىراق،
بىللە يەنە پۇلات بېسلىق بۇرغىسى.

ئۇ سۇيگەچكە كان ئىچىنى، كەسپىنى،
دىلدا قاينار چىن مۇھەببەت تۇيغۇسى.

شۇ سەۋەپ ئۇ قورقماس تومۇز تەپتىدىن،
ۋە قورقماس ئۇ قىشتا جۇدۇن قەھرىدىن.
رازىدۇر ئۇ تاغ قۇچاغلاپ ئوتتۇشكە،
تاغمۇ رازى ئەشۇ مەرتلەر ئەجرىدىن.

ئەنە خاڭچى قولىدا بار كان چىراق،
غالىبانە چۇشتى قايتىپ چوقىدىن.
قىلدى تامام ئۇ كېچىكى جېڭىنى،
(ھېچ ھارغىنلىق سىزىلمەيدۇ تورقىدىن.)

ئۈستى بېشى ئالغان كومۇر رەڭگىنى،
پەقەت ئۇنىڭ كوزى بىلەن چىشى ئاق.
ئەجەپلەنمەي كورۇپ دوستۇم بۇ ھالنى،
كانچىدىكى خىردىستالدەك دىلغا باق.

## كېچىدىكى سوھبەت

يۇلتۇزلار چاچسا نۇر كوك قويىنىدە،
باشلىنار تاغ ئىچىدە بىر يېڭى ھايات.
جەم بولۇپ ئويمۇ - ئوي تۇزۇشۇپ سورۇن،
باشلايدۇ بۇندا خەلق يېڭى كەيپىيات.

تەبىئەت ئويغىدا - ئادەملەر ئويغاق،
ئاڭلىنار ئۆيلەردىن شادىمان ناخشا.
دۇتتار ۋە تەمبۇرنىڭ يېقىملىق كۈيى،
مۇقامغا جور بولۇپ چېلىنىپ باشتا.

گەر كەلسەڭ شۇ چاغدا قالىسەن ھەيران،
(كېلىدۇ ئېسىڭگە بايرام كېچىسى)

ئۇندىكى بۇ قايناق ھايات ئىچىدە،
سىزىسەن ئۆزەڭنى ئۇيىنىڭ ئىگىسى.

مېھماندوست بۇ خەلق - ئادىتى شۇنداق،
كۆڭلى ۋە كۆكسى كەڭ، كەڭ قول يارالغان.
شۇ خىسلەت ئۇيغۇرغا سىڭگەچ ئەزەلدىن،
مېھماندوست نامىمىز ئەلگە تارالغان.

## مۇزات بويىدا

كەزدىمەن بويلىرىڭنى ئايدىڭ كېچىدە،
غۇبارسىز كۆزلىرىمدىن ئۇيقۇ يىراق.
تۇرىمەن كوز تىككەنچە مۇزات ساڭا،
قەلبىمدە بولغان ئۈچۈن بىر ئىشتىياق.

جىمىرلار كوكتە يۇلتۇز - سەندە ئەكسى،
ئاپپاق قار يېنىك - يېنىك تۇزىشىدۇ.
گويا ئۇ چېمەندىكى كېپىنەكتەك،
سەيلە قىپ ئەتراپىمغا قونىشىدۇ.

مەس بولۇپ شۇ ئۆزگىچە مەنزىرىدىن،
خىيال بىلەن قوغان① تامان كېلىپ قالدىم.
ئالدىمدا قاتار - قاتار ئاكۇپ تۇرار،
ھەيران بوپ ئاڭا بىر پەس نەزەر سالدىم.

سورىدۇم ئۇز - ئۆزەمگە سوئال قويۇپ:
بۇ پىنھان جايغا ئاكۇپ ياسىغان كىم؟
دەل شۇ ئان ئېسىمگە كەلدى بىر ئىش،
دېدىمەن: - بوۋام ئېيتقان جاي شۇ بەلكىم.

ئاشۇ چاغ كوز ئالدىمدا بولدى پەيدا،
ئەرك ئۈچۈن بىلەك تۈرگەن باتۇر ئىنسان.
مۇزاتنىڭ دولقۇنىدەك قەھرى بىلەن
ياڭرىتىپ "ھۇررا" نى كوكتە لەرزان.

ۋە شۇ ئان بولدى پەيدا بىر ئۇلۇق سەپ،
ئەل ۋەتەن ئۈمىدىنى دىلىغا تاڭغان.
ئوينۇتۇپ ئاغماق بىلەن قېلىچلارنى
سەپ تۈزۈپ مەرتلىك بىلەن جەڭگە ماڭغان.

ئەنە شۇ سەپ ئالدىدا تۇرىدۇ مەغرۇر،
سوپاخۇن يەڭ شىمايلاپ قەھرى بىلەن.
ئابباسوپ، قاسىمجانلار② بىلەر قىلىچ
ئېلىشىپ زىمىستاننىڭ زەھرى بىلەن.

دەل شۇ چاغ يېتىپ كەلدى نىمشېھىتمۇ،
دىلدا بىلىم ئىشقى-ئاتىنى يېتىلەپ.
ئۇزاتقان ئۇنى سايرام، ئۇنى ۋەتەن
سەپىرىگە خەيرلىك، ئاقيول تىلەپ.

ئۈچراشتى مەرتلەر بۇندا قۇچاقلاشتى،
تاغ باغرى بىردىن بايرام تۇسى ئالدى.
شوخ غەزەلخان كۆيلىرىگە بولۇپ تەڭكەش
پالۋانلار شاتلىغىدا ساما سالدى......

قەلبى يالقۇن ئەزىمەتلەر ئۈچرىشىدىن،
مۇز داۋانمۇ ئېرىپ شۇ ئان تولدى مۇزات.
شاۋقۇنلىرى بەرگەچ سېگنال ئاكۇپلارغا
زەپەردەست تۇردى مەرتلەر بولۇپ پەرھات.

① قوغان - موز داۋان ئارقىلىق جەنۇبى شىنجاڭغا ئۆتىدىغان قەدىمى يول ئاغزى، ئەينى يىللاردا مىللى ئارمىيەنىڭ ئاقسۇغا يۈرۈش قىلغان قىسمى شۇ جايدا مەلۇم ۋاقىت تۇرغان.
② ئابباسوپ، قاسىمجان-ئابدىكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبەرى

ئەنە شۇ ئاكۇپلاردا نىمشىھەتمۇ،
يازدى پەرھات-شىرىنلەرنىڭ قىسسىسىنى.
جەم قىلىپ ئىجادىغا ئۇلۇق ئەلنىڭ
دىلدىكى ئوتلۇق ئارمان ھىسسىنى.

شۇ قىسسە بولدى قولۋاق چۈشتۈم ئاڭا،
موزاتنىڭ دەرياسىنى بويلاپ ئاقتىم.
تاڭ قىزى كۆلدى شۇئان شاتلىغىدا،
يىغىپ مەنمۇ خىيالىمنى ئاڭا باقتىم.

كۆلدى ئۇ قەھ - قەھ ئۇرۇپ ئاچتى چىراي،
زىمىننى ھورلەر بىلەن بىزىگەندەك.

لېكىن مەن كەزدىم يەنە ساھىللارنى
شىرىننىڭ دىدارىنى ئىزلىگەندەك.

دەل شۇ چاغ كەلدى شىرىن ناز كىرەشمە،
پۈركۈنۈپ ئاق رومالغا جىلۋى بىلەن.
تۇتتى ئۇ گۈل شارابى مىھمان بىلىپ
رومالىدىن ئۆزگىچە ئاق قەلبى بىلەن.

ئەشۇ شاراپ كەيپىدىن ئىلىپ ھوزۇر،
شىھىتلار روھىغا سۇندۇم قەدەھ.
پەخرىمدۇر شۇلار بىلەن شەربەت ئىچمىش
مۇزاتنىڭ بويلىرىدا مەڭگۈ يەنە.

## تاغبۇلاق

چىقتىممەن تاغ بۇلاققا يېشىل يايلاققا،
كوك ئاسمان لىۋىنى سۈيدۈم قۇچاغلاپ،
ئاستىمدا ئۆزۈشەر مال پادىلىرى،
توپلۇشۇپ ئاق بۇلۇتتەك چىپىشىپ ئوتلاپ.

ئەينەكتەك قار ئەكسى تۇرار ئالدىمدا،
كۈمۈشرەڭ چوققىلاردا ئوتكۈر يالتىراپ.
باغرىدا ئىبقىشار تاغ بۇلاقلىرى،
تولدۇرۇپ ئىبقىنلارنى ھەيۋەت شاقىراپ.

ئىبقىنلار شاۋقۇنى خۇددى بىر ناخشا،
يەتتەقات ئاسماننى بويلاپ تارالغان.
بۇ گۈللەر ماكانى يەرمۇ، ئاسمانمۇ؟
دىدىممەن بۇ زىمىن قانداق يارالغان؟

ئىبقىنلار بويىدىن جىرالارغىچە،
كوككە بوي سوزۇشقان يېشىل قارىغاي.

ئۇ گويا ئەرشىگە ماڭغان كارۋاندەك،
بىر - بىرى بىلەن بوي تالىشىپ ھارماي.

كوكسىدە پورەكلەپ ئىچىلغان رەڭدار،
ئەشۇ تاغ گۈللىرى ئىسپار ھىدى چاچار.
بۇندىكى خۇشپۇراق ئەركە تاغ قىزى،
ھورمەتتە مىھمانغا ئەتكەن چاي تۇتار...

ئاڭلىنار تاغ ئارا كەكلىك ئاۋازى،
ئاڭلىنار يايلاقتىن قوۋۇز ساداسى،
ئاڭلىنار كوكتىكى بۇ گۈزەل باغدىن
توت پەسىل يىقىملىق بۇلبۇل ناۋاسى.

ھەيرانمەن بۇ تەبىئى گۈلزارغا قاراپ،
نەقەدەر گۈزەلدۇر نوشقا① يايلىغى.
جەم قىلغاچ ھوسنىگە بار گۈزەللىكنى،
ئۆزۈلمەس بۇ جايدىن مىھمان ئايىغى.

① نوشقا- تيانشان باغرىدىكى گۈزەل يايلاق. ئاقسۇ كونىشەر ناھىيىسىنىڭ شىمالى تەرىپىدە.

# چېگرادىن خەت

خەت يېزىپسەن قەدىردان ئانا،
خىتاپ بىلەن سۆزۈڭنى باشلاپ.
ئىزهار قىپسەن قەلبىڭنى ماڭا،
نەسىھەن بىلەن كۆزۈڭنى ياشلاپ.

خىتاپلىرىڭ ئورنىدى دىلغا،
گۈل چېھرىڭنى كۆرگەندەك بولدۇم.
ئوقۇپ تەكرار مەكتۇپلىرىڭنى،
ئىچ-ئىچىمدىن شاتلىققا تولدۇم.

بار ئېسىمدە چېگراغا مېنى،
شاتلىق ئىچىدە ئۇزاتقان چېغىڭ،
بار ئېسىمدە قۇچاغلاپ مېنى،
شەربەت بېرىپ ئۇستۇرگەن بېغىڭ.

ئەشۇ باغدا ئۇزاتتىڭ مېنى،
كۆكرىگىمگە قىزىل گۈل تاقاپ.
مەنمۇ شۇ چاغ قەسەملەر بەرگەن،
بارلىغىمنى ۋەتەنگە ئاتاپ.

هالال سۈتىڭ ئالدىدا ئانا،
مەن بېرىمەن بىر هالال جاۋاپ:
ئاق سۈت قەرزىڭ تولەپ ئۆتىمەن،
ئۈمىتلىرىڭ تەلتۆكۈس ئاقلاپ.

مانا بۈگۈن بايرام هارپىسى،
مەن تۇرىمەن چېگرانى قوغداپ.
بەلكىم سەنمۇ كۆز يۇماي بۇ، تۈن،
ئۆتكۈزگەنسەن ئوغلۇڭنى ئويلاپ.

خاتىرجەم بول ئەي ئوتلۇق ئانا!
مەنمۇ بىر تۈن بايرام ئىلكىدە،
(شاتلىغىمدىن مەس بولۇپ قالدىم)
يۈكلىرىڭ بار ئوتلۇق يەلكىدە.

قولۇمدا بار پولات قورالىم،
ماڭا ئۇنى ۋەتەن تۇتقازغان.
ئەشۇ قورال ۋەتەن ئانامنى،
ياۋ زۇلمىدىن ئېسەن قۇتقۇزغان...

مەن تۇرىمەن چېگرىدا پوستا،
كۆزلىرىمدىن ئۇيقۇمۇ يىراق.
سېنىڭ كۆلكەڭ، مېنىڭ شاتلىغىم
ئەشۇ شاتلىق ماڭا نۇر چىراق......

ئېگىز تاغلار كەيدى بۇ كېچە،
ئاق مەخمەلدىن يارىشىملىق تون.
تۇرار تىنىم تاپماي ئاپپاق قار،
هۇشقۇرتۇپ شىۋىرغان - جۇدۇن.

لېكىن قارلار ئېرىدى تامام،
ئالما رەڭلىك مەڭزىمگە چۈشۈپ.
كەتتى ئېرىپ هارارىتىمدىن،
جىرالارغا سەل بولۇپ كۆچۈپ.

دىمەك مەندە قوياش تەپتى بار،
ياش قەلبىمدە ئوت بولۇپ يانغان.
گەر ئەيلىسە رەقىپلەر شۇملۇق،
ئۇ ئىتلار بولۇپ بىر ۋولقان.

## خاتىمە

ناخشىغا ھېرىسمەن كوڭلۈمنى بەزلەپ،
خوشلاشتىم تەڭرى تاغ بويلىرى بىلەن.
ئۈزاتتى شاتلىقتا گۈللەر تۇتۇشۇپ،
خاڭچىلار شاھانە تويلىرى بىلەن.

خوشلاشتىم كۈمۈش رەڭ چوققىلار بىلەن،
خوشلاشتىم مۇزات ۋە قاپىسلاڭ ① بىلەن.

قەلبىمگە نۇرىنىدى تالاي خاتىرە،
مەن ئىزھار ئەيلىدىم ناخشىلار بىلەن.

ئالدىمدا شاقىرار تىرەن②دەرياسى،
ئالدىمدا جۇلالىق يېشىل تاغبۇلاق.
ئەلبۇملار ۋاراقلاپ كورسەم ھەر قاچان
تارتىدۇ مېھرىمنى ئەشۇ ياغبۇلاق.

1983 ـ نويابىر باي، تيانشان، ئاقسۇ

«««««««※※※»»»»»»»

# شېئىرلار

زاھىر ئابدىراخمان

### يېڭى يىل قوينۇڭدا يېڭىمەن بۈگۈن

ئىچىمەن تولدۇرۇپ زۇمرەت قەدەھكە،
گاھى غەم، گاھىدا شاتلىقتىن شاراپ.
ھايا جان ئىچرە قانَ تىپەر يۈزۈمگە،
شۇ شاراپ تومۇرۇم ئارا دولقۇنلاپ.

شاتلىقمۇ كىشىگە قەدىرلىك مېھمان،
سەن بىلەن ھەر زامان بولالماس سىرداش.
ھەم ئۇنىڭ سوۋغىسى كۈلكىلا ئەمەس،
بەزىدە كوزۈڭدىن سىرغىتىدۇ ياش.

ئاقارغانَ سۈبھى چاغ كوتەرسەم قەدەھ،
سەۋەبى بەڭۋاشلىق ئەيتىدىن دىمە.
كىرپىكىم ئۈستىدە يالتىرىسا ياش،
ھەسرەت يا سوغاقنىڭ تەپتىدىن دىمە.

دىلبىرىم يولۇمغا چاچسا چاچقۇلار،
نە ئۈچۈن شاتلىقتىن قىزارماس يۈزۈم؟
نە ئۈچۈن، گىرەلەر سالسا بوينۇمغا،
ۋىسالنىڭ پەيزىدىن نەملەنمەس كوزۈم؟

---

① مۇزات ۋە قاپىسلاڭ تيانشان تاغلىرىدىن باشلىنىپ باي ناھىيىسىنىڭ غەرپ تەرەپىدىن ئۆتىدىغان دەريالار
② تىرەن ـ تەرەك تاغ ئىچىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان دەريا

دىلبەرىم ـ يېڭى يىل دىسەم پەش قىقىپ،
ئۇنچىلا شاتلىققا ناھاجەت، دەرسەن.
ئومۇر دەرىخىڭدىن توكتى بىر ياپراق،
شۇ ئۇچۇن سوۋغىسىغەم ـ ھەسرەت، دەرسەن.

بۇمۇ راس، يېڭى يىل كەلمىدى قۇرۇق،
سانجىدى ئىڭەككە بىر نەچچە تال تۈك.
ۋە لېكىن كورۇپ باق ۋەزنىنى ئولچەپ،
قانچىلىك يىللارغا مەن يۈكلىگەن يۈك؟!

كالىندار بېتىدىن ئۈچ يۈز ئاتمىشنى،
ئورۇلدى، ئورنىنى يېڭىسىنى ئالدى.
ئورۇلگەن ھەر بىر بەت ئوززە نۇرلىنىپ،
مېھنەتلىك ئىجادىم ئىزلىرى قالدى.

ھەققىم يوق يەنىلا مەغرۇرلىنىشقا،
ئۇ تېخى دېڭىزدىن چاچىدىغان تامچە.
بىلىمەن يېڭى يىل كۈتىدۇ مەندىن،
يەنە كوپ سوۋغىلار قانچە ۋە قانچە.

مەرھابا يېڭى يىل، دىلبەر يېڭى يىل،
كوتەردىم بىر قەدەھ شەرىپىڭ ئۇچۇن.
مېھمانسەن، قۇرۇقلا ئۇزاتمايمەن ھەم،
سەۋەپكى، قوينۇڭدا يېڭىمەن بۇگۈن.

× ×

يېڭى يىل قوينۇڭدا يېڭىمەن بۇگۈن،
غۇرۇرۇم، شوھرىتىم، بەختىممۇ يېڭى.
ئەل ئۇچۇن قوياشتىن چارە نۇرلانغان،
قەلبىممۇ، غايەممۇ، ئەھدىممۇ يېڭى.

## بۇلاق ۋە ياپراق

كورىمەن مەجنۇنتال تۈۋىدە بۇلاق،
تۇرىدۇ كۈن ـ تۈنى كوزلىرى ئويغاق.
دىللاردا زوق قوزغاپ تاشلايدۇ سايە،
شۇ مەجنۇنتالدىكى ياپ ـ يېشىل ياپراق.

قەلبىمنى ئوزىگە قىلغاچ چىن ئەسىر،
كىلىمەن يار بىلەن گاھى سەيلىگە.
نە ئوي ۋە نە كويغا سالمايدۇ دەيسەن،
قويساڭ گەر ئوزەڭنى كوڭۈل مەيلىگە.

خىيالدىن خىياللار تۇغۇلۇپ بۇگۈن،
مېنى ئوز ئىلكىگە ئالدى بىر خىيال.
بۇلاق ۋە ياپراققا تىكىلدىم ئۇزاق،
بىر پىكىر بەخش ئەتتى زېھنىمگە بۇ ھال.

ئوخچىغان نەچچە ئون يىللار شۇ بۇلاق،
قۇراركەن ئوتتۇپ نى زامان ـ زامانلار.
ياپراقمۇ تۇزاركەن ئالماشسا پەسىل،
قالدۇرۇپ بى ھاسىل دىلدا ئارمانلار.

قۇرىماس بۇلاقمۇ بارمۇ دۇنيادا،
ۋە يەنە سارغايماس، توزىماس ياپراق؟
ئىزلەپ مەن ئۇنىڭغا بىرەر باپ جاۋاپ،
يۈرەك سوقىشىغا سالىمەن قۇلاق:

ئۇ دەيدۇ: ساداقەت بولالىسا كوز،
مۇھەببەت ئەبىدى قۇرىماس بۇلاق.
ئەقىدە ـــ بويىدا ئوسكەن مەجنۇنتال،
چىن ۋاپا ـــ سايىلەر تاشلىغان ياپراق.

ئويلىدىم، شاتلاندىم، ياندى كوزلىرىم،
ۋۇجۇدۇم، قەلبىمنى قۇچتى ئىپتىخار.
شۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەيلىسەم تەقدىم،
ماڭا چىن رازىلىق بىرەرمۇ دىيار؟!

## «قارلىق» قا جاۋاپ

تۈنجى قاردا قارلىق تاشلاپ قىلىپسەن چاقچاق،
كورۈپ مېنى دوستلار ئارا كوڭلۈڭگە يېقىن.
شۇدەم دىلدا ھايا جېنىم ياساپ بىر ئېقىن،
دېدىم: دوستلار كوڭلى مەڭگۈ بولسۇن قاردەك ئاق،
چۈنكى مەنمۇ رازى سەندىن ئەشۇ قارلىقتا،
بولمىسىلا دوستلۇقتا ياتغەيرى بىر سىياق…

## غۇرۇر

مەن تورەلدىم بۇ دۇنياغا مەغرۇر ئەر بولۇپ،
ھاياتىمدا كەلمىشىمدىن چەكمەيمەن پىغان.
ئانام سۈتى بىلەن تەنگە سىڭگەن پاك ۋىجدان،
ھىلىمۇ ھەم ۋۇجۇدۇمدا چاقنار زەر بولۇپ.
نە ھاياتمەن غورۇر بىلەن پۈتكەن تاغ تۇرۇپ،
بەدنىيەتلەر يەكلىمگەنگە كەتسەم يەر بولۇپ؟!

## غۇنچە ۋە ناخشا

مەن كوردۇم ناخشا ئېيتقان بىر سەبىنى،
غۇنچىكى، ئىپار ھىدلار چېچىپ تۇرغان.
ھەدىسى چالسا لەرزان دوتارنى،
ئاھ، ئوماق لىۋىدىن بال تېمىپ تۇرغان.
لىۋىدىن گۈل چاچىدۇ، دىلىدىن كۈي،
ئاۋازى شۇنچە سۈزۈك، شۇنچە چۈچۈك.
سىرغىدى ئىككى تامچە ياش كوزۈمدىن،
بۇلبۇل ھەم مەس بولمىسۇن ئاڭا نىچۈك؟

ئۇ پۈتقا كەڭ يېيىلغان تاك شەپىغى،
رەڭ بەرگەن ئۇز ئەكسىدىن گۈل مەڭزىگە.
قاشلىرى قۇندۇزمىكىن، كوزى يۇلتۇز،
لال ئەمەس ئاۋازىنىڭ كىم ئەۋجىگە؟
شۇ قەدەر بىخۇباردۇر شوخ بالىلىق،
قوياشقا باققان گۈزەل قىزىل غۇنچە.
تىل چىقسا ناخشا دەيدۇ، ماڭسا ئۇسۇل،
بۇ — ئۇدۇم ئۇيغۇرلارغا ئاخىرىغىچە…

## پارچە

ئاھ! تۇنۇگۈن مەن ئىدىم ئوسمۇر-نىھال،
ھە، بۈگۈن يۈزۈمنى قاپلاپتۇ ساقال.
ئەمدى ئومرۈمنى ئىجاتتا ياشنىتاي،
تاڭلا ئەتە بوپ قالارمەن تېخى چال.

# لىرىكىلار

ياسىن قاسىم

## بۇلاق بېشىدا

ياپ-يېشىل چىمەنلىك ئارا دۇلقۇنلاپ،
سۇپ-سۈزۈك چەشمىلەر قاينايدۇ تىنماي.
كىلىمەن ھەر كۈنى تاڭدا ئاخشامدا،
ئىچكىلى شۇ بۇلاق سۈيىدىن قانماي.

ياڭرايدۇ ئۈزۈلمەي بۇلاق بېشىدىن،
شوخ يىگىت - قىزلارنىڭ كۈلكە، چاقچىقى.
يىگىتنىڭ راۋابى سايرايدۇ ئاي - ھاي،
كەلگەندە بۇلاق كوز، قەلەم قاشلىقى.

شۇ بۇلاق بېشىغا باردەن مەنمۇ،
شۇ يەردە بىر گۈزەل قىزنىڭ ئۆيى بار.

ئوخچىغان شۇ زۇمرەت بۇلاق سۈيىدەك،
كوڭۈلنى رام قىلغان ناخشا - كۈيى بار.

ساقلىدىم، ساقلايمەن ھەر كۈنى شۇنداق،
ئاشكارا قىلالماي سۆيگۈمنى ئاڭا.
بىلگەندەك ئۇمۇ ھەم كوڭۈل سىرىمنى،
ۋە بەزى قىلىدۇ تەبەسسۇم ماڭا.

يۇلتۇزلار چاقنايدۇ، ئايمۇ پارلايدۇ،
ۋە لېكىن مەن بۇلاق بويىدا بىدار.
ئىشقىمنى توكسەم گەر ئاشۇ بۇلاققا،
شاۋقۇنى شۇ قىزغا قىلارمۇ ئىزھار؟!

## بۇلبۇل بولۇپ...

مەلىنىڭ كوزى-كوركەم يېرىدە،
گۈزەل بىر قىزنىڭ ھويلا بېغى بار.
بوك باراقسانلىق، ئەنجۇر - ئالمىلىق،
شۇ يېڭى باغنىڭ نامى، دېڭى بار.

باھاردا، يازدا ياڭزا-ياڭزا گۈل،
ئېچىلىپ خۇشبۇي پۇراق چاچىدۇ.
كۈزدە جىنەستە، ئۈزۈم، ئالمىلار،
مەھلىيا ئەيلەپ دىلنى تارتىدۇ.

ئوتىمەن سەھەر، گوگۇم ئايدىڭدا،
شۇ باغ يېنىدىن كۈندە نەچچە رەت.

يۈرۈگۈم رىشتىسى باغلانغانمىكىن،
باغدىكى گۈلنىڭ ھوسنىگە پەقەت.

گۈللەر ئىچىدە كورسەم شۇ قىزنى،
گۈزەل ھوسنىگە زوقۇم كېلىدۇ.
سۈڭگۈشتىن باققا ئاققان سۇ بىلەن،
قوشۇلۇپ مەنمۇ ئاققۇم كېلىدۇ.

ئوتىمەن ھەر چاغ باغنىڭ يېنىدىن،
كوڭلۈمنى شەيدا قىلدى ئۇندا گۈل.
نە ئارمان باغدا گۈلنىڭ شېخىغا،
قونسام مەن گويا بولۇپ بىر بۇلبۇل...؟!

## ئۈزۈلمەيدۇ دىل رىشتىم

سېنىڭ سۈتتەك پاك قەلبىڭگە ئەي نىگار،
بولسۇن مەڭگۈ سۆيگۈ مېھرىم يادىگار.
چىن ۋاپادار خىسلىتىڭدىن ھەر قاچان،
دولقۇنلىنار يۈرۈگۈمدە ئىپتىخار.

گۈزەللىك ساپ دىلىمغا نۇر چىراق،
سادىقىتىڭ قوزغار دىلدا ئىشتىياق.
تەسەددۇقمەن جانىم سېنىڭ ۋەسلىڭگە،
يۈرۈگۈمدە ئۇچمەس ھەردەم ئوت-پىراق.

سۆيگۈ رىشتىم ئۈزۈلمەيدۇ يار پەقەت،
ساڭا بولغان ئىشقىم گۈلخان تا ئەبەت.
قەدىرلەيمەن سېنى دىلدار بىر ئۆمۈر،
يېتەرمەن چىن ئارمانىمغا ئاقىۋەت.

## ئانا قەلبى

زەينۇرە ئەيسا

شاراپ سېغىپ كىچىككىنە بوتۇلكىغا،
غەلۋە - غوغا كوتۇرمەستىن تۇرىدۇ جىم.
لېكىن سىغماي يوغان ئادەم قوسۇغىغا،
گاھ ئابروينى توكىدۇ ئۇ بولغاپ كىيىم.
ھاراق ئىچىش باسقۇچلىرى بولار ھەر خىل،
گاھ دوستلىرىڭ يىغىلىدۇ بەكمۇ سەر خىل.
بىزەچىدىن ئوتلۇۋىلىپ سىردىشىسەن،
كوڭۇللىرىڭ كوتۇرۇلۇپ سايرايدۇ تىل.
توختاپ قالماي سەن ئادەملىك باسقۇچىدا،
يەنە ئىچسەڭ ئىت باسقۇچى باشلىنىدۇ.
كورۇنگەنگە ئېسىلىسەن غالجىرلىشىپ،
چىشلەنگەنلەر كوزى ئاستا ياشلىنىدۇ.
دەل ئۈچىنچى باسقۇچىدۇر قاۋان باسقۇچ،
بۇرۇتلىرىڭ پىچىغىدۇر قاۋانىنىڭكى.
ئاسمان بىلەن يەر سېنىڭچۇن ھېچ پەرقسىز،
ھەم پەرقى يوق قىزىڭ، خوتۇنۇڭ، ئاناڭنىڭكى.
ھەش-پەش دېگىچە يەۋالىسەن خوتۇنۇڭنىڭ،
چاچ تارىغان يېلىمىنى مۇرابىا، دەپ.
دەرەخ ئىلسا پەشلىرىڭنى باش ئاتىسەن،
"قوپسام يامان قىلىۋېتىمەن قويۇۋەر" دەپ.

× ×

ئارۇپ دائىم دەل ئۈچىنچى باسقۇچقىچە،
ھاراق ئىچىپ، ئانىسىغا سالار جاپا.
كەلگەن چاغدا ئويگە ئۇ مەس ھالەتتە،
پەرۋانە باش - ئايىغىدا يەنە ئانا:
—جىنىم بالام باشلىرىڭغا سوغ سۇ قۇياي،
يە قىزىغراق ئوتلىۋالغىن چىيىڭ مانا.
ئاھ! كوز نۇرۇم كىملەر بىلەن سوقۇشقانسەن،
چېكەلىرىڭ زەخىملەنگەن، قولۇڭ يارا.
شۇ تاپ ئارۇپ قۇلىغىدا يارىنىڭكى —
جاراڭلىدى "ئاناڭ ئەسكى" دېگەن سوزى.
ئانىسىغا ئاتتى دەرھال مۇش ۋە پەشۋا،
قانغا تولۇپ بىر جۈپ خۇنۇك ۋەھشى كوزى.
ئارۇپجاننى ئاق سۈت بىلەن تەمىن ئەتكەن،

شۇ ئالەمنىڭ جىگەرلىرى بولدى پارە،
مەسلىگىدىن يېشىلگەندە كورسە ئارۇپ،
پاجىئەلىك جەسەت ياتار ئىدى يەردە.
چەيلەنگەندە شۇ مېھرىبان ئانا قەلبى،
ئېغىزىدىن لەختە - لەختە قانلار ئاققان.
شۇ قانلارنىڭ بىر پارچىسى قىپ-قىزىل بىر—
قۇشقاچ بولۇپ كوك ئاسمانغا قانات قاققان.

× ×

بۈگۈن قۇشقاچ كامىرنىڭ دېرىزىسىدە
سايراپ تۇرار: "جېنىم بالام تۇرمە زەيمۇ؟
ئۈسسىدىڭمۇ، ئاچ قالدىڭمۇ، مۇشۇ تاپتا،
تۇمشۇغۇمدا ساڭا دان ۋە سۇ بېرەيمۇ؟"......

# رۇبائىلار

كېرەم مىجىت

ئانىمىز ئاۋايلاپ چوڭ قىلدى ئۇماق،
ئىلىم-پەن، ئەخلاقتىن بىرىپ كوپ ساۋاق.
خەلققە كېرەكلىك ئادەم بولسىڭىز،
ئەل سىزگە سۇنىدۇ تاجدار تۇماق.

× × ×

گەر سۈيسە كەسپىنى دىلدىن زوقلىنىپ،
ئىشلەيدۇ ئىشنى ئاكتىپ روھلىنىپ.
تېۋى يوق تونۇرغا ياققاندا توقاچ،
چۈشىگى كۆرۈنەر كۆلدە چوخچىيىپ.

× × ×

بىز دىيار پەرزەنتى مىسلى ئۇيۇل تاش،
ئەسىرلەر ئۇم-ئىناق ئوتكەن قېرىنداش.
شۇ ئۇلۇغ ئومىلۈكنى قىلغان مۇجەسسەم،
ئەجداتلار تارىختا، بىزگە بولۇپ باش.

× × ×

گەر كەلسە قېشىڭغا ھاجەتمەن كىشى،
(بېشىڭغا كۈن چۈشۈپ قالغاندا بېشى)
چامىڭچە ئامال قىل، نا ئۇمىت قويما،
خوش بولۇر سېنىڭدىن ھەل بولسا ئىشى.

× × ×

چىقسا تور بېشىغا گۇدەك باللار،
دىمىگىن سەن ئۇنى ئىشى چاللار.
"ئەقىل ياشتا ئەمەس باشتا" دىگەنغۇ،
ئىش بۇزغان بالا ئەمەس، ئىچى ئاللار.

× × ×

گەر بولسا ھەر كىمدە پاراسەتلىك پەم،
خەلققە بېرىدۇ ھالاۋەتلىك تەم.
ئومۇرنىڭ بېغىنى بوستان ئەيلەشتە،
"مەن" ئۈچۈن يۈگۈرمەي، ئەل ئۈچۈن قىلغەم.

× × ×

گىژىلداپ داستىخانغا تەلمۈردى چىۋىن،
نېمە تىكە كوز سېلىپ، بەرمىدى ئەمىن.
قوغلىسا كەتمەيدۇ، سورۇندىن نېرى،
تاماخور بولغاچقا كېلەركەن قېلىن.

× × ×

بەزىلەر سوزلەيدۇ ئاشكارا-ئېنىق،
ئەل بىلەن بىللە دەم ئالىدۇ تىنىق.
غورۇرلۇق ۋىجدانى بولغاچ بەستىدە
ھەرگىزمۇ تۈلكىدەك قىلمايدۇ قىلىق.

× × ×

ئۈگەنگىن ئى دوستۇم بولغىن ساۋاتلىق،
ئىلىم-پەن ئىنسانغا بېغىشلار شاتلىق.
نادانلىق ئىلكىدە ساۋاتسىز تۇرۇش،
ئەقلى بار كىشىگە بەكمۇ ئۇيياتلىق.

× × ×

ئالتۇن رەڭ قوياشنىڭ تەپتىدىن شۇنچە،
خوش پۇراق، رەڭمۇ-رەڭ ئېچىلدى غۇنچە.
باغۋەنلەر تەردىنى تۆكمىسە ئاڭا،
بەرگىدە بەرق ئۇرۇپ كۈلەمدۇ ئۇنچە؟!

× × ×

بول دوستۇم بىلىمگە توشناس بىر تاۋاق،
ھاياتتا ئۇزۇقتۇر ئۆگەنگەن ساۋاق.
ئىلىم-پەن، تېخنىكىتا لىق تولسا جامىڭ،
كەشپىيات، تۆھپىدە بولمايسەن ئاۋاق.

× × ×

ھەز ئىشتا ئىلىم-پەن، ئەقلىڭگە يۆلەن،
بىلىمنى يار تۇتقىن، شۇنىڭغا ئۆلەن.
بىر ئۆمۈر ئاشىق بوپ مۇڭدىشىپ ئۆتسەڭ
خوشناۋا ئۆتمەمدۇ تۇرمۇشۇڭ بەلەن.

× × ×

ساپ ئالتۇن تاۋلىنار يالقۇنلۇق پېچتە،
قارا ئالتۇن كۆل بولار كويگەندە مەشتە.
ئۆلچەيدۇ جىڭ-جانى ئەمىلى ھەركەت،
ھەققەت مىزانىنى ساقلىغىن ئەستە.

× × ×

قولداشسىز يىگانە باتۇر بولالماس،
جەڭ قىلىپ شەھەر ئالسا تەخت قۇرالماس.
تەخت قۇرۇپ ئۈستىدە بوپ قالسا گەزشاھ،
مۇستەھكەم ئىز بېسىپ ھوكۇم سۈرەلمەس.

× × ×

ھەققەت داۋانى بەك ئېگىز چوققا،
تىك قىيا ئاشقاندا چىقمايدۇ يوققا.
داۋانلار ئېششتا بولمىسا غەيرەت،
تۇمۇزدا دۈچ كېلەر قەھرىتان سوغقا.

× × ×

مەرىپەت ئەھلىنىڭ دىلى جۇلالىق،
خوش پۇراق چاچىدۇ قىممەت باھالىق.
بىلىمنى ئەھلى ئۈچۈن سەرپ قىلمىسا،
ئاق كوگۈل دىمەيدۇ ئۇنى خالايىق.

× × ×

دىيارغا تەر تۆككەن ئەرنىڭ مېھنىتى،
ھەر ئىككى ئالەمدە بولۇر قىممىتى.
تەمەننا ئەيلىسە زەررە ئەجرىگە،
بولمايدۇ ئەل ئۈچۈن ئۇنىڭ خىزمىتى.

× × ×

قۇي ساقى شاراپنى قانغىچە ئىچەي،
ھورۇنلۇق، مەغرۇرلۇق، ئويۇندىن كېچەي.
بۇ ئۇلۇغ دىيارنى گۈللەرگە بېزەپ،
ئىجادى مېھنەتكە ۋاقتىنى تېجەي.

× × ×

قۇي ساقى شاراپنى جامنى تولدۇرۇپ،
تەڭ ئىچەي دوستلارغا ھورمەت بىلدۇرۇپ.
شۇ مەيدىن دوستلۇقنىڭ گۈلى ئېچىلسۇن،
نۇر چاچسۇن ئېناقلىق دىلنى كۆلدۇرۇپ.

× × ×

يارالدىم پاك دىل بوپ ئانا قېنىمدىن،
چوڭ بولدۇم مېھرىڭنى ئېمىپ تېنىڭدىن.
پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى ساقلاپ دىلىمدا،
ئاسرايمەن مەن سېنى كېچىپ جېنىمدىن.



# ئۇچرىشىش

(ھىكايە)

غايىپە ئابدىراخمان

مەن ئايرىلىپ كەتكىلى ئۈزۈن يىل بولغان يېزامغا تۇققان يوقلاش ئۈچۈن كەلدىم. بۇ چاغدا كەچكى شەپەق تاغ كەينىگە موككەن ئىدى.

تۈپ - تۈز كەتكەن يېزا يولىنى ئارىلاپ كېتىپ بارىمەن. بوككىدە باراقسان بولۇپ كەتكەن باغلار ئارىسىدا زوق قوزغىغان ھالدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان ئاپپاق ئاقارتىلغان دىخان ئۆيلىرى، يېزامنىڭ بۇندىن نەچچە يىل بۇرۇنقى قىچقارسا ئۈن يەتمىسگىدەك يەردە كۆرۈنىدىغان چوڭ - چوڭ چالمىلار بىلەن سېلىنغان، ئۈستىنى قوناق شېخى ياكى يىگەن بىلەن ياپقان قىڭغىر ئۆيلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردى. بۇنداق ئۆمگىنە خۇلۇم-خوشنىدارچىلىقنى كىشىلەر قانچە ئارزۇ قىلىسىمۇ، ئومۇملۇشۇپ بولالمىغان...

ھازىر شۇ ۋاقىتلاردىكى ئۆزۈم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئېقىن بويىغا سېلىنغان، دەرىزىسى يوق بولغاندىمۇ تۈنۈكى بار، ئاقارتىلمىغان يوغان بىر ئېغىزلىق ئۆيىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. بىردىنلا بالىلىق دەۋرىم ئېسىمگە چۈشۈپ كۆز ئالدىمدا بىرگە ئوقۇپ، تەڭ چوڭ بولغان ساۋاقداشلىرىم ئېسىمگە كەلدى. مەن ئوقۇشقا ماڭغاندا يېزىدا قىپقالغان بىر نەچچە

چىسىنى تونۇيالماپتىمەن. بەزەنلىرى بىر ئاز
مۇكچەيگەن، لېكىن چىرايلىرى قانداقتۇر بىر
ئىچكى خۇشاللىقنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك،
يەنىلا قىزغىن، خۇشخۇي كورۇنەتتى. شۇچاغـ
دىكى بوۋاقلارمۇ چوپ ـ چوڭلا يىگىت بولۇپـ
تۇ. قىزلارنىڭ بولسا قۇچاقلىرىدا بوۋاق،
ئۇلار خۇددى ھېيتتا كىيىنگەندەك چىرايلىق
ياسىنىشقان ھالدا ئوتتۇپ كىتىشمەكتە.

ئون نەچچە يىلدىن بۇيان "سوگەتلىك"
خوپ ئوزگۇرۇپ كېتىپتىغۇ، دىگەنلەرنى
ئوتكۇزدۇم كوڭلۇمدە.

ئاتام، دادامىلارنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يالـ
غۇز ئاكامنى ئىزدەپ كەلەلمىگىنىمنىڭ خىـ
جالىتى بىلەن ئاكامنىڭ ئوينى تاپالماي
خېلىغىچە خۇددى شەھەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىـ
نى تاماششا قىلغاندەك كوزگە تاشلىنىپ تۇرغان ھەر
بىر يېڭىلىققا زوقلۇنۇپ قاراپتىتىم. شۇ ئەسنادا،

ـــ ئاچا، نەدىن كەلدىڭىز؟ ـــ دىگەن ئاـ
ۋاز بىلەن تەڭ يېنىمدا سەككىز ياشلاردىكى
بىر قىز كىپىنەكتەك پەيدا بولۇپ قالدى.
قىز تولىمۇ ئوماق ئىدى.

ـــ مەن خېلى يىراقتىن كەلدىم، ـ دەپ
جاۋاپ بېرىپ ئارقىدىن:

ـــ مۇشۇ مەھەللىدىكى ئابدۇۋەلى كامال
دىگەن كىشىنىڭ ئوينى بىلەمسىز؟ـ دەپ
سورۇدۇم:

قىز چاقىلداپ تۇرۇپ:

ـــ ئاچا، ئۇ بىزنىڭ خوشنىمىز، سىز گۇـ
لەم ئاچام ئىكەنسىزغۇ جۇرۇڭ ـ دىدى ئەرـ
كىلەپ قولۇمغا ئېسىلىپ،

× ×

كوك سىرلانغان دەرۋازىدىن كىرىپلاھويلىغا
خاتا كىرىپ قالدىممىكىن، دەپ قىزغا قاـ
رىدىم. قىز بىمالال ئالدىمدا كېتىپ باراتتى.
سول قول تەرەپتە تىگى ۋە تاملىرى سىـ

مونتلاپ ئۇزۇنىسىغا سېلىنغان ئامبار، ئۇنىڭ
يېنىدىن رېتىملىك كوكىرىگەن ماشىنىلارنىڭ
ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرغان ئاددىراق سېلىنغان
ئىككى قەۋەت ئوي دەرھال كوزۇمگە تاشلانـ
دى. "بەلكىم بۇ، دۇي ئىگىلىكىدىكى بولۇپ
ئاكام شۇ يەردە ئىشلىسە كېرەك" دەپ پەرەز
قىلدىم ئىچىمدە، ھايال ئوتمەي ئوڭ قولـ
نى بېسىپ ھويلىغا كىردىم. ھويلا كەڭ ـ تاـ
شا ئىدى. دېرىزىلەرنىڭ پاقىراپ تۇرغان
قارامتۇل قىزىل رەڭلىك سېرى ھويلىغا ئالاـ
ھىدە زىننەت بېرىپ تۇرغان باغ ۋەباغ بىلەن
ھويلا ئىچىنى ئايرىپ ياسالغان شادا پەنجىرە،
پەنجىرىدىن ھالقىپ باراڭغا ئېلىنغان ئوزۇمـ
نىڭ شۇڭگىلىرى ھويلىغا قويۇق سايە تاشلاپ
تۇراتتى.

باراڭ تىگىگە چوڭ كارۋات قويۇلۇپ بىر
پارچە نىمكەش بولغان گىلەم سېلىنغان، ھويـ
لا ئىچى خۇددى چىرايلىق سىزىلغان رەڭدار
سۇرەتكە ئوخشايتتى.

بىز پىشايۋان ئالدىغا كەلگەن چىغىمىزدا
ئويدىن ئوتتۇرا بويلۇق، يۇمۇلاق يوزلۇك، كوزـ
لىرى كۇلۇپ تۇرىدىغان 30 ياشلار چامىسىدىـ
كى بىر ئايال چىقىپ كەلدى ۋە:

ـــ ۋاي ھارمىسىلا، بىخەستە بولۇپ قېلىپ
ئالدىلىرىغا چىقالماپتۇق، سالامەت كەلدىلىـ
مۇ؟ـ دىگىنىچە خۇشخۇيلۇق بىلەن كورۇشتى.

مېھمانخانىغا باشلاپ كىرگەن چىغىدا ئوـ
زەمنىڭ خېلى ئازادە كېيىنگىنىمگە قارىماي
بىر ئاز ئەيمەندىم. خۇددى شەھەرنىڭ ئويـ
لىرىدەك بېزەلگەن مېھمانخانىدا ئۇن ئالغۇ
سوزلەپ تۇرۇپتۇ. ئوينىڭ يېرىمىنى ئالغان
تاختاي سۇپا ئۇستىگە تولدۇرۇپ گىلەم سېلىنـ
غان ئىدى. ھايال ئوتمەي دوستىخان سېلىنىپ
كۇزنىڭ مول نازۇ ـ نېمەتلىرى دوستىخانغا
توكۇلدى. شۇ ئەسنادا كىيىملىرى پۇتۇنلەي

مايغا مىلىنىپ كەتكەن، ئېگىز بويى، بەستىملىك كەلگەن 40 ياشلاردىكى بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بىر جۈپ يوغان قارا كوزلىرى، كەڭ پېشانىلىرى ماڭا تونۇشتەك كورۈندى، لېكىن مەن ئۇنى دەرھال ئەسلىيەلمىدىم. بىز ئەدەپ بىلەن ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن ئۇ مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئوزى دېرىزە تۈۋىدىكى كىرىسلوغا ئولتۇردى.

ئوي ئىگىسىنىڭ ئالا پاشاي مۈشۈگى ھەدەپ جەينىگىمگە ئوزىنى سۈكاپ نەچچە قېتىم قۇچۇغۇمغا چىققىنىنى ھىساپقا ئالمىغاندا ئوي ئىچى بىر پەس جىم - جىتلىققا چوكتى. كىرىسلودا ئولتۇرغان كىشىنىڭ ئەمگەكتە پىشىپ قاداق بولۇپ كەتكەن قوللىرى مانا مەن دەپ كوزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئالدىرىماي تاماكۇ ئوراپ تۇتاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاخىرى: „ گۈلەم سىز مېنى تونۇمىدىڭىزغۇ؟“ دېدى.

مەن ئوز ئېيۋىنى تونۇپ يەتكەن كىچىك بالىدەك ۋىللىدە قىزىرىپ يەرگە قارىدىم.

— مەن ساۋاقدىشىڭىز قادىر ئەمەسمۇ؟

مېنىڭ كوزلۈرۈم ھەيرانلىقتىن يوغان ئېچىلدى. قادىرغا قارىدىم. ئۇنىڭ چىكەچاچلىرى ئاقارغان ئىدى. مەن تولىمۇ خىجالەت بولۇپ، دوستىمنىڭ چىتىنى تۇتقىنىمچە خىيالغا چومدۇم.

× ×

بۇك باراقسانلىق سوگەتلەر ئارىسىدا ئىلانىدەك تولغۇنۇپ، ئاقىدىغان بۇلاق سۈيىنىڭ شىلدىرلىشىغا جور بولغاندەك جۈپ - جۈپ قىز - ئوغۇللار دەرس تەييارلاۋاتاتتى. شۈيىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان قىز - ئوغۇللار يېڭىدىن قانات چىقىرىپ ئۇچۇشقا تەمشەلگەن قۇشلاردەك روھلۇق ئىدى. پەقەت ئون سەككىز ياشلاردىكى ئېگىز بويلۇق، كەم سوز بۇ بالا بۇ پاراڭلارغا قېتىلمىغان ھالدا چەتتىكى ھەرىدەپ تاشلىۋەتكەن سۈگەت كوتىكىدە يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قولىدا بىر تال چىۋىق بولۇپ ھەدەپسۇ يۈزىگە ئۇراتتى، سۈدىن چىققان ئۇنچىلەرگە قاراپ خىيال بىلەن تۇرغان چېغىدا يېنىغا ئون ئالتە ياشلاردىكى ئورۇقتىمنا كەلگەن ئاق سېرىق بىر قىز كېلىپ:

— قادىر ھېچبىر سوزلەرگە ئارىلاشمايسىزغۇ؟ - دەپ سورىدى.

بۇ قىز قادىرنىڭ بىر مەھەللىك ساۋاقدىشى گۈلەم ئىدى. قادىرنىڭ قىزغا ھورمىتى بولغاچقا ئۇ يۈرۈگىدىكى سوزنى ئېيتتى.

— مانا ئەتە ھەر قايسىمىز ئوز ئارزۇ - تىلەكلىرىمىزنى يازىمىز. شۇڭلاشقا ئىككىمىز ئالدىدا ئويلۇنۇۋاتىمەن. بىرىسى سىز بىلەن بىرگە تىببى مەكتەپكە بېرىش، يەنە بىرىسى يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىغا بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوز يېزامىنى گۈللەندۈرۈش. ئېيتىڭا، قايسى مەكتەپكە بېرىشقا مەسلىھەت بېرىسىز؟

قىز يالت قىلىپ قادىرغا قارىغاندىن كېيىن ئېچىنغان قىياپەتتە:

— سىزنىڭ غايىڭىز بەك ئاددى ئىكەن. يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدىمۇ ئوقۇمدۇ؟ بولۇپمۇ سىزدەك ياخشى ئوقۇغان بالىلار تىببى مەكتەپ، شوپۇرلۇق، سودا مەكتەپدىگەنلەر سىز بىلەن بىزدىن قىچىپ قۇتۇلامدۇ؟

قادىر قىزنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ تىرىكتى. قىز ۋىللىدە قىزاردى ۋە ئۇ ئوڭايسىزلانغانلىقتىن قادىرنىڭ يېنىدىن ئۇن - تۈنسىز كېتىپ قالدى. قادىر بولسا ئۇنى قايتا سوزلەشتىن مەھرۇم قىلغان ئىدى. ئۇزۇن ئوتمەي قادىر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىغا، گۈلەم تىببى مەكتەپكە چاقىرىق كېلىپ ئايرىلىشتى. ئۇلار شۇ كەتكەنلىرىچە مانا بۈگۈن كورۈشكەن ئىدى.

× ×

دەرھال خىيالىمنى يىغىۋېلىپ قادىرغا قارى-
دىم. قادىرنىڭ ئايالى سۇتلۇك چاينى ئىككى قول-
لاپ سۇنۇپ مېنى دوستىخانغا تەكلىپ قىلدى.

— گۈلەم، - دېدى قادىر، - تەقدىر دىگەن
شۇنداق نەرسىكەن، ئارزۇ - ئارمانىمۇ ئەمەل-
گە ئاشماي قالمايدىكەن. بالايى ئاپەتلىك
يىللار ئوقۇشۇمنى يېرىم يولدا توختۇتۇپ قو-
يۇشقا مەجبۇر قىلدى، مەكتەپ تاقالدى. يې-
زىغا كېلىپ دىخان بولدۇم. دەسلەپتە ئوقۇغان
ئوقۇشۇم بىكارغا كەتتى دەپ بەك ئىچىندىم.
كېيىنچە ئەل - جامائەت ئارىسىدا ئاممەت
بارلىقىنى بىلىپ بىلىمنى باغلىدىم. بىلەمسىز،
مەن ماشىنىسازلىقتا ئوقۇغان بولغاچقا دەس-
لەپتە رېمونتچى بولدۇم، كېيىن تىراكتۇر ھەي-
دىدىم. ئوزەم ھەيدىگەن تىراكتۇرنىڭ گو-
كۇرەپ چىققان ئاۋازىنى ھەر بىر
ئاڭلىغىنىمدا يۈرەكلىرىم ياىراپ كەتتى.
كۈزدە دىخانلار خامان ئالغان چاغدا دوۋە -
دوۋىلەنگەن ئاشلارنى كورگۈنۈمدە دىلىم شات-
لىققا تولۇپ، مانا "شۇنىڭدا مېنىڭمۇ ھەسسەم
بار" دەپ پەخىرلىنىپ كەتتىم. كېيىن دادۇي-
دە كىچىك تىپتىكى زاۋۇت قۇرۇپ، قوشۇمچە
كىرىمنى كوپەيتىپ ئەزالارنىڭ تۇرمۇشنى ياخ-
شىلاشنى تەشۇدق قىلغان چاغدا ئوز ئىختى-
يارىم بىلەن ئىگىلىك تىكلەشكە سەپەرگە ئات-
لاندىم. كېيىن يەرلەرنى ھوددىگە بەرگەن چاغ-
دا ئابدۇۋېلى بىلەن بىرلىشىپ زاۋۇت قۇ-
رۇپ، دۇي بىلەن توختامنامە تۈزدۇق.

ئۇ يەنە بىر تال تاماكۇ يوگىدى. تاماكۇنى
راسا بىر شورىۋېلىپ:

— گۈلەم ھايات مانا جۇدالىقنىمۇ، نامرات-
لىقنىمۇ، خۇشاللىقنىمۇ، ئارزۇ - ئارمانىنىمۇ
تەقدىم قىلدى. ھەممىگە بەرداشلىق بىرىپ،
ئوز ئارزۇيۇمغا ئەستايىدىل ئىنتىلىپ، ئوقۇپ
تۈگىتەلمىگەن ئوقۇشنىڭ پىراقى بىلەن كېچە-
كۈندۈز كويۇپ، پىشىپ ئاخىرى ئوز ئارزۇيۇم-
غا يەتتىم. كىشى قايسى قاتلامدا ئىشلىمىسۇن
يېڭىلىق يارىتىشى، ۋەتەنگە، دولەتكە توھپە
قوشۇشنى ئوزىگە ۋەزىپە قىلىپ يۈكلىسە
ئەڭ ئاخىرىدا قىلغان ئىشىدىن نەتىجە قازى-
نالايدىكەن. مانا بىز ئوز قولىمىز بىلەن يەر-
لەرنى گۈيخۇا قىلدۇق. كونا تاملارنى چىقىپ
يېڭى رەتلىك ئىمارەتلەرنى سالدۇق. قاتار -
قاتار ئورمانلارنى بەرپا قىلدۇق. ئەندى
بىز نىمىنى ئارزۇ قىلىمىز.
"ھەممىشە بەخت ئىچىدە ياشىغان ئادەم
بەختنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. بەختنى
پەقەت جاپا - مۇشەققەت چەككەن كىشىلەرلا
چۈشىنەلەيدۇ" دەيدۇ. راستمۇ؟

ساۋاقداشىمنىڭ ھەقىقەتەن مەدىنىيەتلىك
ئەمگەكچىلەردىن بولۇپ يىتىشكەنلىكىگە قايىل
بولدۇم. ئۇنىڭ سوزلىرىدىن تەسىرلىنىپ كوز-
لىرىم نەملەشتى. "ئاھ، - دىدىم ئىچىمدە، - مەن
چوڭ شەھەردە يۈرۈپ، خۇددى پارمىكتا ياشى-
غان گۈلدەك ئوسۇپتىمەن. مانا مەن ئېسىمگە
ئېلىپ باقمىغان قىممەتلىك ئەقلىيە سوزلەر
قوللىرىنى قاداق بېسىپ كەتكەن ئاددى بىر
دىخاننىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتىدۇ." مەن شۇلار-
نى خىيالىمدىن ئوتكۈزۈۋېتىپ بىردىنلا ئۇ-
نىڭ ئالدىدا يۈزۈم قىزاردى.

— گۈلەم، دىدى قادىر مەمنۇنىيەت بىلەن
سوزىنى داۋام قىلىپ، - پارتىيە بىزگە كەڭ
ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. ئوزۇممۇ بىر ئۇن
زاۋۇدى، ياغ زاۋۇدى، شال زاۋۇدى قۇرۇپ
ئابدۇۋېلى بىلەن ئىشلەۋاتىمەن. ھازىر 15 مىڭ
يۈەن نەق پۇلىمىز بانكىدا تۇرۇپتۇ. بىر تى-
راكتۇرىمىز بار. ئوقۇغان بىلىمنىڭ كارامىتى-
نىمۇ ئوز ئەمەلىيىتىمدە كوردۇم. باللىرىم-
نىڭ ئانىسىمۇ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن.
شۇنداقمۇ سەۋرىنسا، - دەپ ئايالىغا قارىدى
قادىر.

(ئاخىرى 81 - بەتتە)

# شېئرلار

تۇرسۇن ياقۇپ سايرامى

## ياشلىغىڭ قىممەت سېنىڭ

ياشلىغىڭ قىممەت سېنىڭ مەڭگۈ تېپىلماس بىباھا،
كېزسەن ياشلىقتا كوكنى مىسلى شۇڭقاردەك راسا.
شۇ گۈزەل چاغىڭدا ئۇرغۇيدۇ جاھانچە سەندە كۈچ،
توھپىڭدىن گۈلشەن يارات خەلقىڭگە جان ئەيلەپ پىدا.
بەلكى ئوخشايدۇ گۈزەل ياشلىق قىزىل گۈل - غۇنچىگە،
ئۇ توزۇپ كەتسە ئېچىلماي يوق ئاڭا مەڭگۈ داۋا.
غايىگە بولسا كىشىدە ئىنتىلىش روھى ھامان،
بولىدۇ مۇشكۇل توساقنى پەن بىلەن ئەيلەپ ناۋا.
قالدۇرۇپ ئالەمنى تاڭ قىلغىن ئىجات ئۆمرۈڭ بويى،
مۇردىدەكلا جىم يېتىش بولمايدۇ بىزلەرگە راۋا.
شۇندىلا بەختىڭ كۈلۈپ بۇلبۇل مىسالى شاتلىنۇر،
يادلىنىپ نامىڭ يۈرەكتە كەشپىياتىڭ بوپ گۇۋا.

## كورۇڭ

بولسىڭىز ئالماق ھۇزۇر بۇلبۇلنى گۈلشەندە كورۇڭ،
ئۇ ئۆزى بىر قۇش پەقەت، شوخ قەلبى گۈلگەندە كورۇڭ.
ئەيلىسە ئوتلۇق ناۋا زور ئىشتىياق - زەۋقى بىلەن،
شۇنچە راھەت ھۇزۇرنى جان ۋە دىل، تەندە كورۇڭ.
مەھلىيا بولغاندا سىز دىلغا ئارام مەرغۇلىدىن،
ياخشىسى شام - سەھەر باغلار ئارا گۈلدە كورۇڭ.
تىنمايىن ئوتلۇق دىلىدىن شوخلۇنۇپ خەندان ئۇرار،
گۈل - چىمەننىڭ خۇش ھىدى مەس ئۇنى ئەتكەندە كورۇڭ.

ئېچىلامدۇ گۈل باھارسىز ھەمدە باغۋەنسىز گۈزەل،
شوخ ناۋاسىنى، باھارنىڭ پەسلى كەلگەندە كورۈڭ.
بىزدە بار كەتمەس باھار خەلقىم چىمەنىنىڭ بۇلبۇلى،
جانىجان خەلقىم ناۋاسىن ھەر سەپەر ـ جەڭدە كورۈڭ.

## ئىشقىمنى قىلاي ئىزھار

نىگار ئىشتىكىل سوزۇمنى، سۆيگۈ ئىشقىمنى قىلاي ئىزھار،
ساڭا گۈلخان كەبى يانغان يۈرەكتە مۇددىئايىم بار.
سىنىڭ نامىڭنى ھەر تىلغا ئېلىش بىرلەن دىلىم شاتتۇر،
بۇ پاك ئىشقىم ساڭا مەنسۇپ، سىنىڭدىن باشقا يوق دىلدار.
سىنىڭسىز ھەر كۈنۈم تۈندۇر دىلىمدا ئورلىگەي پىغان،
مەگەر ھوسنۇڭنى بىر كورسەم بولۇر قەلبىم زىبا گۈلزار.
شۇ چاغدا شاتلىغىم چەزمەن بولۇركى مىڭلىغان قامۇس،
ئوزۇمنى سىزىمەن كوكتە بىلەمسەنكى بۇنى گۈل يار.
پىدا ئەيلەشكە تەييارمەن جىنىمنى سەن ئۈچۈن ھەر چاغ،
پەقەت سەن نائۈمىت قويما، كۈلەر سەت ھىجىيىپ ئەغيار.
قىزىل گۈلدەك پۈراق چاچسۇن ئەبەت پاك سۆيگىمىز بىزنىڭ،
بۇڭا پەرھاد-شىرىن ئورنەك، ۋاپاسىزلىق كىشىگە ئار.

## كۈت مىنى

بۇزمىغىن كوڭلۈڭنى قىزچاق كوزلىرىڭنى نەم قىلىپ،
كەلمىدى دەپ ئاھ ئۇرۇپ، ھەسرەت چىكىپ كوپ غەم قىلىپ.
سىغىنىش تۇيغاڭنى سەن ئايلاندۇرۇپ كوچكە پەۋەس،
ئورلىگىن بۈركۈتسىمان، باش ئاغرىغىنى كەم قىلىپ.
كەلگۈمىز شۇنچە گۈزەل، باققىن ئېقىلنىڭ كوزىدە،
تىلسىمات سىرلىرىنى ئوبدان ئېچىشچۈن پەم قىلىپ.
يەتكىچە چەككەن جاپانىڭ تەمى قەن-بالدىن شىرىن،
ئەلگە سۈن غەلىبە شارابىن مىسلى سەن زەم-زەم قىلىپ.
ماڭا چىن شەيدالىغىڭ بۇشاشمىسۇن كۈتكىن ئەبەت،
مەن بارۇرمەن پات، ئوزۇمنى شان-شەرەپ ھەمدەم قىلىپ.

## پەرۋانە مەن

نى كۈلى كوردۇم سىنى، شۇندىن بۇيان سەرسانە مەن،
تەلمۈرۈپ ۋەسلىڭگە ئىشقىڭ ئوتىدا مەستانە مەن.
جۇش ئۇرار قەلبىم ئارا سۆيگۈم ساڭا فونتان بولۇپ،
ئارزۇيۇم شۇدۇر پەقەت بولسام ساڭا جانانە مەن.
هەر كۈنى ئۆزسەڭ چېلىشىنىڭ باغرىدا پەرهات كەبى،
زور شىجائەت، خىسلىتىڭگە مەن ئەجەپ هەيرانە مەن.
كەشپىياتىڭ باغىدا كۈلسەڭ يۈرەكنى ئوينۇتۇپ،
ئايلىنىپ زادى كىتەلمەس - ئاشىقىڭ پەرۋانە مەن.
مىنى مەپتۇن ئەيلىگەن ئەقلىڭگە چىن ئاپىرىن ئوقۇپ،
سەن سەپەر دۇلدۇلىنىڭ ئىشقى بىلەن گۈلخانە مەن.
تىنمايىن تارتساڭ جاپا دەيسەن شەرەپ ئۆمرۈمدە شۇ،
ماڭا بىر باقىمىل، كۈيۈگىدە هەر ۋاقىت خەندانە مەن.
تامچە سۇلار بىر بولۇپ هاسىل بولۇر كول، بەركۈگۈل،
مەنمۇ بىر جەڭ تۈلپىرى بىلسەڭ غەيۇر - مەردانە مەن.

## سەمەندەر

سەمەندەر ئەيامەس پەرۋا پەقەت ئاتەشكە - گۈلخانىغا،
دىمەككى رەهمە قىلمامدۇ ئۆزى - ئۆز تەندىكى جانىغا.
ئاڭا ئاتەش ئارا مەغرۇر كۈلۈپ يۈرمەك ئىبىل خىسلەت،
دىمەس هىچكىم سەمەندەر دەپ شۇ ئوتتىن قاچسا هەر يانىغا.
ئۇنىڭ خىسلەتلىرى پەرۋانىدىن تۈپتەن بولەك هەر چاغ،
چىدام - غەيرەت ئاڭا چىن يار شۇڭا ئۇ ئىبىرىشەر شانىغا.
گويا چوغ بولسىمۇ جىسمى هايات ئۇ، ئوتقا باش ئەگمەس،
سىڭىپ كەتكەن غەيۇرلۇق جىسمىغا هەمدە پۈتۈن قانىغا.
ئايا دوستلار ئۈممەت قىلساڭ سەمەندەر كەبى مەرتلىكنى،
بولۇر هاسىل تايانغاندا بىلىم، غەيرەتكە، ۋىجدانىغا.

## تۈيۇقلار

پىتنەخور، نامەرت چىقىپسەن سۇرەتىڭنى ئۆز سىزىپ،
ئەمدى قارىغىشتىن كىتىپتۇ تەن - يىلىنگىمۇ سىزىپ.

ئوتتى ئۆمرۈڭ زەپمۇ شۇملۇق بىرلە ئەلنى قاخشىتىپ،
ئەمدى ئاقمايدۇ رەزىل ئەپتىڭنى ئالدى ئەل سىزىپ.

※ ※ ※

مەندە كۆپ ماغدۇر تېخى سەن چار يىلانداك چاق قېنى،
مىسلى مەن مەزمۇت پولات جىسمىمنى ئۇرغىن چاق قېنى.
قىلغۇسى نابۇت رەقىپنى ياخشىلارنىڭ غەيرىتى،
ماڭا يار ۋىژدان، غۇرۇر ياۋلارغا بېرىپ چاق قېنى.

※ ※ ※

سال قۇلاق دوست: بولسىمۇ ئوكيان زېمىندىن شۇنچە ئوي،
بولسا گەۋھەر ئەلگە نەپ بەرمەك ئۈچۈن قاز، كولا - ئوي.
كۆكرەر مېھنەتتە ئەر، يامغۇر سۇيىدە يەر بەلەن،
پايدا بەرمەيدۇ كىشىگە خامخىيالمۇ - ساختا ئوي.

※ ※ ※

قېنى جەڭلەر ئارامەغرۇر گويا كەلكۈن سۇيىدەك تاش،
شۇئان چەيلە يولۇڭدا تاغ كەبى گەر بولسىمۇ چوڭ تاش.
بۇ يولنى غەلبىلىك باسماق ئۈچۈن ھەر چاغ بىلىم ئاچقۇچ،
بىلىمگە جان نىسار ئەيلەپ، تېشىڭغا بەرمىگىن رەڭ تاش.

※ ※ ※

بولمىسا گەر ئوت - سامانغا لايىغى ئوقۇر - ئۇلاق،
ئوزۇغىدىن ئالمىغاي ئوبدان ھوزۇر چارۋا - ئۇلاق.
شەيئىلەر بىر - بىرسىگە شۇنداق يېقىن چىرماش پەقەت،
پەيزىنى ھېچكىم سۈرەلمەس بولمىسا مىۋە ئۇلاق.

## ياشلىق

مېھرىبان ئەسئەت

ياشلىقتۇر ئۆمۈرنىڭ كۆركەم بىر پەسلى،
ئۇرغۇيدۇ ئۇنىڭدىن ئاجايىپ غەيرەت.
قەدىرلەپ شۇڭلاشقا گۈزەل ياشلىقنى،
ئەل، ۋەتەن ئالدىدا كۆرسەت ماھارەت.

ئىنساننىڭ ياشلىقى بىھۇدە ئۆتسە،
ھاياتىنىڭ قىلچىمۇ لەززىتى بولماس.
قەلبىگە تولمىسا بىلىم شەربىتى،
ياشلىقنىڭ زەررىچە ئىززىتى بولماس.

ياشلىغىمىڭ مىسالى قىزىل گۈل ئوخشاش،
خۇشپۇراق ھىدلىرى ھەر يان چېچىلار.
تەر بىلەن سۇغۇرۇپ قىلغانىدا پەرۋىش،
ياشلىقىمىڭ گۈللىرى كۈلۈپ ئېچىلار.

شۇ سەۋەپ ياشلىقنى قەدىرلەيمەن چىن،
پۇشايمان بەرمەيدۇ ياخشى ئاقىۋەت.
ئېلىم - پەن كوكىدە قىلىپ مەن پەرۋاز،
كەلگۈسى مەنزىلگە يېتىمەن پەقەت.

## يېڭى يىل

نىياز ئىمىن

كونا يىل كەتمەك بوپ ئىشىك ئاچقاندا،
يېڭى يىل شەپىسى كىردى ئۆيۈمگە.
قەلبىمنى قوچۇپ بىر ئوتلۇق ھاياجان،
تەقەززا رومكىسى سۇيدى لېۋىمگە.

يولۇچى قار بوۋاي تەشەككۇر سىزگە،
قەدەھ ئېپ قوللارغا خەير - خوش دەيمىز.

يېڭى يىل مېھمان بوپ كەلگەندە ئەتە،
قارىڭا، نەتىجە بىزدە قوش، دەيمىز.

ۋە لېكىن تەمەننا قىلغىمدەك بۈگۈن،
ھارۋىمىز پەللىگە يەتكەن يوق تېخى.
ئۈمىت چوڭ مەنزىلگە يېتىمىز چوقۇم،
تۇلپارلار ماغدۇردىن كەتكەن يوق تېخى.

## يىللار ۋە ھايات

ھەمراجان

ئەسىرلەر ئىچىدە ئۆتتى كۆپ ئىنسان،
ئىختىرا، ئىجاتتا كامالەت تېپىپ.
ۋە لېكىن بەزىلەر ئۆتتى بىر ئۆمۈر،
نادانلىق ئىلكىدە غەپلەتكە پېتىپ.

ئەسىرنىڭ پارچىسى ئەشۇ يورغا يىل
ئالدىراپ قاچىدۇ ئۆمۈرنى ئېلىپ.
ھاياتنى مەنىسىز بىكار ئۆتكۈزسە،
قالار شۇ يىللارنىڭ كەينىدە ھېرىپ.

ئەي دوستۇم، ھاياتنى قەدىرلە ھامان،
كۈرەشلەر قوينىدا پەللىگە ئۆرلەپ.
ساداقەت بابىدا بولۇپ سەن سېخى،
ئىشلىگەن ئىشىڭدىن بەرگىن ئەلگە نەپ.

يىللارنى خۇش كۈلۈپ ساناپ ھەمراجان،
قوينىدا مېھنەتتە ياشنايدۇ ھامان.
كۈرەشتە ئەل ئۈچۈن بولسا گەر قۇربان،
بالىلىرى سەپەرنى قىلىدۇ داۋام.

# شېئىرلار

تۇرسۇن تۇردى

## ئانا قەدرى

مەغرىپكە تارتىلغان شەپەق پەردىسى،
باراتتىم كوچىدا شۇنچە شادىمان.
ۋۇجۇدۇم شاتلىقتىن مەس بولغان ئىدى،
كۇنسېرى بەختلىك بولغاچقا جاھان.

باراتتىم ...بىردىنلا ئاڭلاندى چۇقان،
بىر ئويدىن چىقىشتى ئوغۇل ۋە موماي.
ئوغۇلنىڭ بارمىغى ئانا كېلىدا،
خىقىراپ تولغۇنار ئانا چىدىماي.

ئامبۇردەك قاتمال قول ئانا بوينىدا،
يىگىتنىڭ كوزلىرى چەكچەيگەن ئاڭا.
كەچۇرگىن دىگەندەك بىچارىلەرچە،
يىلىنىش ئىلكىدە تىترەيدۇ ئانا.

يىغلىدى كىشىلەر نەپرەتلىك كوزلەر،
يىگىتنى ئەيىپلەپ ياغدۇرۇشتى سوز.
بىلمىدىم باشقىنى، پەقەت ئانىنىڭ،
ئوغلىكەن بوغقىنى ئەشۇ قارا كوز.

ئوغلىكەن !؟
بېشىمدا چاقتى زور چاقماق،
چاقماقلار ئىلكىدە بولدۇممەن بىتاپ.
گۇلدۇرلەپ ئورۇلگەن تاغنىڭ ئەكسىدەك،
ۋىژدانىدىن ۋاقىراپ قىلدىممەن خىتاپ:

ئەل ئەقىل ئىگىسى، تومۇر يۇرىگىڭ،
ئانىنىڭ مېھرىدىن ئىچمىدىڭمۇ سۇ؟
سەن ئۇچۇن كوز يۇممىغاي شامدىن تاڭغىچە،
پەپىلەپ بوشۇگۇڭ تەۋرەتكەنمۇ شۇ...

سەن قاتتىق چىشلىگەن ئانا كوكسىنى،
ھېچقاچان يۇرمىگەن ئۇ سەندىن قاخشاپ.
توڭلىساڭ ئىسسىتىپ، تەرلىسەڭ يەلپۇپ،
كەلگەن ئۇ ئانىلىق بۇرچىنى ئاقلاپ.

ئانىنىڭ گونايى پەقەت سەن ئۇچۇن،
تەر توكۇپ مېھرىدىن ئەجىر قىلغىنى.
قانخۇمار بولمىسۇن ئوغلۇم دەپ سېنى،
ۋاپادىن، ئەخلاقتىن تەلىم بەرگىنى.

ئانىنىڭ گۇنايى شۇمىدى پەقەت،
ۋەتەننى، مىللەتنى بىلدۇرگەن ساڭا؟!
خائىنلىق، پەسلىكنى، تۇزكورلۇقنى ھەم،
نەپرەتتىن ئوق ياساپ ئاتقىنى راسا؟!

ئانىنىڭ گۇنايى شۇمىدى نامەرت،
قاراڭغۇ غارلاردىن سېنى ياندۇرۇش؟!
ياۋۇزلار ئىلكىدە قالماسلىق ئۇچۇن،
زېرەكلىك سۇيگە سېنى قاندۇرۇش؟!

ئەپسۇسكى سەن بولدۇڭ مۇشتۇمزور، تۇزكور،
قالغىنى ئالدىن ساڭا ئۇ نەپرەت
كورەرسەن سەنمۇ ھەم بالا، نەۋرەڭدىن،
قىساسىڭ يىپىدا باغلىنىپ ئەبەت.

## ئەمدى كەلدىڭمۇ؟

تەرىمىزدىن ئۇنچە چاچرىتىپ،
ياسىدۇق بىز سۇلماس گۇلۇستان.
گۇل ئىشقىدا بۇلبۇل تىنماستىن،
ئوقۇيدۇ شوخ، لىرىكا، داستان.

مىليون دىللار بەخت دەرياسى،
ئۇخلىماستىن ياسايدۇ ئوركەش.
زىمىستاننى مەڭگۇ كەلمەسكە،
قوغلىۋەتكەن بىز قىلغان كۇرەش.

گۇل چىچەككە پۇركەنگەن ۋەتەن،
بەختىيارلىق ھىدى تارايدۇ.
يايلاقلاردا چولپانجىرلىسا،
زاۋۇتتىن شوخ گۇدۇك ياڭرايدۇ.

دىخان ئاكام كۇتمەستىن سىنى،
قىلىپ بولدى چوللەرنى گۇلباغ.
كەلگەن بىزگە ئەبىدى سۇلماس،
شۇنداق بۇيۇك گۇزەل باھار چاغ.

ئەي پەسلىنىڭ باھارى ئىپىتقىن،
قۇدرىتىڭگە ئوغۇت تەردىڭمۇ؟
تۇرسا يۇرتۇم باھار مەنبەئى،
سەن ھاسىراپ ئەمدى كەلدىڭمۇ؟!

## ئارمان

مەن باھار پەسلى بولۇپ خەلقىم دىلى شات ئەيلەسەم،
ئۇندۇرۇپ چوللەر ئارا گۇل ئەلنى ئاۋات ئەيلەسەم.
بۇ ھايات قوينىدا مەن ئوتسەم گويا لوقمان بولۇپ،
مەلھىمىم بىرلە بىتاپ قەددىنى شامشات ئەيلەسەم.
تاللىسام ئەخلاق، ئادالەت كوكنى ئاستان قىلىپ،
جەننەتۇل يۇرتۇمدا خوش شاتلىقتا ھەيئات ئەيلەسەم.
ئوق قىلىپ كىرپىكلىرىمنى يا قىلىپ جىسمىمنى ھەم،
تۇتخۇمارلار پۇشتىنى يەكسانۇ بەربات ئەيلەسەم.
بولغۇسى بۇ ئارمىنىم ھەل ئاقۇەت ئاچىپ قۇچاق،
ئىجتىھاتىنىڭ ئىشقىدا جىسمىمنى پەرھات ئەيلەسەم.

## پارچە

تاقىغانتىم "بىردىن ئىككى ئوچۇق" دەپ،
ئۇستى ـ ئۇستى قىلىپ ھەيۋەت ئەينەكنى.
ئەپسۇس تىپخى رۇشەنلىكنىڭ ئورنىغا،
تىپىۋالدىم غۇۋالىقنى، غەبلەتنى.



# سىرلىق مېۋە ”SX“

( فانتازىيىلىك ھىكايە )

تۇرسۇنجان توختىياز

## 1

كېرىم سۇيۇملۇك ئايالىغا، شۇنداقلا ئۆزى-گە، ھەممىدىن مۇھىمى كەلگۈسى پەرزەنتىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر مەسىلىگە دۇچ كەلدى. ئۇ گويا پۈتۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاللا قانداقتۇر بىر كەشپىيات ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقاندەك ھەممىنى ئۇنۇت-قان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى...

ئاخىرى پىشقەدەم ئۇستازى پىروفېسسور ياڭغا خەت يېزىپ مەسلىھەت سوراشقا مەجبۇر بول-دى: ” ھۆرمەتلىك ئۇستاز، مەن سىزگە ھا-زىرچە ئۆز ئائىلەملا ئېھتىياجلىق بولىۋات-قان، كەلگۈسىدە ئېھتىمالدا پۈتكۈل پەن-تەتقىقات ئىشلىرىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بول-غان ئاجايىپ ” سىر “ لىق بىر ئىشنى مەلۇم قىلىمەن.

ئاۋغۇست ئېيىنىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى، بىز يالغۇز قىزىمىز گۈلھايانى باغچىغا ئېلىپ بار-ماقچى بولغان ئىدۇق، ناشتىدىن كېيىن قوز-غۇلۇپ تۇرۇشىمىزغا توساتتىن مېنىڭ دەر-ھال كېلىشىمنى ئۇقتۇرۇپ تەتقىقات ئورنى-مىزنىڭ تەجرىبىخانىسىدىن تېلېفون كېلىپ قالدى. ئۇقتۇرۇشنىڭ جىددى ھەم قىستا بولۇ-شى ئېلىپ بېرىۋاتقان تەجرىبىمىزگە مۇناسى-ۋەتلىك جىددى بىر ئىشنىڭ چىقىپ قالغانلى-غىدىن دېرەك بېرەتتى. بارماي بولمايتتى، لېكىن بالىغا قىلىنغان ۋەدىنى يەڭگىللىك بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشكىمۇ بولمايتتى.

ئاخىرى ئايالىم پەرىزات بىلەن باغچىدىكى دەريا ساھىلىدا ئۇچرۇشۇشقا ۋەدىلەشتۇق - دە، مەن تەتقىقات ئورنىغا كەتتىم. بىراق كۈن بويى تەجرىبەخانىدىن ئايرىلالمىدىم. سائەت 2 لەر ئەتراپىدا پەرىزات دەريا بويىدا كۆلھايانىڭ يۈزىنى يۆيۈپ قويۇۋاتقاندا ئارقا تەرەپتىن توساتتىن پەيدا بولغان ئاياق تىۋىشى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ مېنى كەلدى دەپ ئويلاپ بۇرۇلۇپ قارىسا باشتىن-ئاياق ئاپپاق، غەلىتە كىيىنگەن بىر ئادەم تۇرغىدەك. بۇ ئادەم ھېچبىر ئويلىمىغان يەردىن مېنىڭ نامىمنى تىلغا ئېلىپ ئامان - ئېسەنلىكىمنى سورىغان. ئۇ گويا يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان بارابانىڭ ئاۋازىدەك غەيرى ئاھاڭدا سوزلەيدىكەن. پەرىزات ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان غەيرى تۇيغۇنى بىر پەسكە يېڭىپ پەزىلەت نۇقتىسىدىن ئۇنىڭ سوزىگە داخىل بولغان.

— سىز كىرىمنى تونۇمسىز؟

— تونۇمايچۇ، بىز كوپ قېتىم ئۇچراشقانىمىز، تاغلاردا، ئورمانلىقلاردا... ئۇچراشقانلا ئەمەس، بەلكى يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغانىمىز.

— بۇنىڭدىن خەۋىرىم ئىكەنمەن...

— شۇنداق، ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدا سىر پېتىچە قالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ... كىرىمنىڭ بىر ئوغۇل پەرزەنت كورۇش ئارزۇسى بار، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ... يوچۇن ئادەم ئاجايىپ بىر نەرسىنى، ئېنىقراق ئېيتقاندا بىر تال " مىۋە " نى پەرىزاتقا ئۇزاتقان، - بۇنى ھەر كۈنى كەچتە بىر ئايغىچە يەيسىز... خەير، مىراد ئىگىلىرىگە يېتىشىڭلارنى تىلەيمەن.

پەرىزات قەدەم يوتكىگىنى بىلىنمەس دەرىجىدە كىتىپ بارغان، كەڭ پەلكىلىك بولۇشىغا قارىماي ئادەتتىن تاشقىرى پاكار بولغان بۇ غەلىتە " ئادەم " نىڭ كەينىدىن قاراپلا قالغان. بۇنى مىۋە دىگەندىمۇ دىمەدەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، قەيەردىن تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى، ھەتتا ھېلىقى يوچۇن ئادەمنىڭ ئىسمىنىڭ نىمە ئىكەنلىكى ۋە قەيەردىن كەلگەنلىكىنى سورۇۋېلىشمۇ خىيالىغا كەلمىگەن. ئېسىنى يىققاندا بولسا دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى ھاۋا بوشلىقىدا سۇس كۆكىرەش ئاۋازىنى قالدۇرۇپ بىر يۇمىلاق جىسىمنىڭ غۇۋا يېشىل نۇر ئىچىدە ئورلەپ بىر پەستىلاغاندىن يىپ بولغانلىقىنى كورگەن، ئۇ قولىدىكى ھېلىقى نەرسىنى دەرياغا تاشلىۋەتمەكچى بولغان، لېكىن ھەرھالدا ساقلاپ قالغان...

پەرىزات ئىككىنچى پەرزەنتىمىزنىڭ ھامىلدارى ئىدى. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۇ ئوغۇلغا ئاشقىلىق تۇيغۇسىنىڭ تەقەززاسى بىلەن تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ ھېلىقى مىۋىدىن بىر پارچىلا يەپ باققان ئىدى، سىزىكلىكى شۇنىڭغا باغلىنىپ قاپتۇ! ئەگەر بۇ "مىۋە" ھېلىقى يوچۇن ئادەمنىڭ ئېيتقىنىدەك نەتىجە بەرسە ئىدى، ئىنسانىيەت تارىخىدا كورۇلۇپ باقمىغان ئاجايىپ بىر موجىزە بولاتتىغۇ... ناۋادا بالا ھايات تۇغۇلغان تەقدىردىمۇ ئەنە شۇ نامەلۇم " مىۋە " نىڭ كاساپىتى بىلەن يا ئوغۇل ئەمەس، ياكى قىز ئەمەس بىر قورقۇنۇچلۇق مەخلۇق بولۇپ دۇنياغا كەلسىچۇ؟!...

مەن بىر بىئولوگىيە تەتقىقاتچىسى، ئايالىم بولسا تىببىي ئىنىستىتوتىنىڭ ۋىراچى. ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن ئوز ئائىلەمنى تەجرىبەخانە، ئايالىمنى تەجرىبە قۇربانى قىلىشقا رازىمەن.

بۇ ئاجايىپ " مىۋە " گە ئوزۇمچە بىر ئىسىم قويۇشقا، شۇ ۋەجىدىن ۋاقتىنچە " سىر -

لىق مىۋە » دەپ ئاتىشىمىزغا رۇقسەت قىلغاي ـ
سىز. ئۇنىڭ سىرتقى شەكلى سوقىچاق، تىرناق
چوڭلىقىدىكى مۇدۇر ـ مۇدۇر قاپارتقىلاردىن
هاسىل بولغان سوسۇن رەڭلىك پوست بىلەن
ئورالغان، پوستىنىڭ قۇرۇلمىسى ئانار ياكى
ئاپىلسۇنغا ئوخشاپراق كىتىدۇ. پوستىنى بە ـ
كە بىلەن يارغاندا ئىچىدە ئاپىلسۇن مىۋىسى ـ
گە ئوخشاپ كىتىدىغان قىپ ـ قىزىل 6 تال
مىۋىنى كورگىلى بولىدۇ. سۇلۇق هەم شىرىن،
ئۇنىڭ تەمىنى بۇ يەردىكى مىۋىلەرنىڭ هىچ ـ
قايسىغا تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

سىزگە مەلۇمكى، تەتقىقات ئىھتىياجىدىن
يەر شارىنىڭ هەممە يىرىنى دىگىدەك ئاي ـ
لانغانمەن. لىكىن بۇ خىلدىكى مىۋىنى ئۇچ ـ
راتقان ئەمەس. ئورمانچىلىق ئىلمىگە دائىر
كىتاپلارنىمۇ كورۇپ چىقتىم... شۇ تاپتا ئال ـ
دىمدا هىلىقى ” سىرلىق مىۋە » نىڭ بىر پار ـ
چە قىلىن پوستى ۋە 2 تال ئۇزۇنچاق مىۋىسى
تۇرۇپتۇ. مۇبادا مەن توسمىغان بولسام پە ـ
رىزات ئۇنى ئاللىقاچان يەۋەتكەن بولاتتى.
چۈنكى ئۇنى تەتقىق قىلىش ۋە ئىزدەپ تىپىش
ئۈچۈن ئەۋرىشكە بولىشى كىرەك ـ دە، پەرى ـ
زاتنىڭ هالى خاراپلىشىپ كەتتى، ئىشتىھاسى
كۇندىن ـ كۇنگە ناچارلىشىۋاتىدۇ. تىببى دو ـ
رىلار ئۇنىڭ سىزىكلىكتىكى ئىھتىياجىنى ئوز ـ
گەرتىشكە قادىر بولالمىدى. ئانار، ئاپىلسۇن ـ
مۇ ” سىرلىق مىۋە » نىڭ ئورنىنى باسالمى ـ
دى. ئەنە شۇ ” سىرلىق مىۋە » پەرىزاتنى
قۇتقۇلدۇرۇش، ئاندىن قالسا هامىلەنىڭ دۇن ـ
ياغا سالامەت كوز ئىچىشىدا سىرلىق ئەنگۈش ـ
تەر بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

هىلىقى غەلىتە « ئادەم » نىڭ سوزلىرىگە
كەلسەك، مەن تەتقىقات ئىشى مۇناسىۋىتى بى ـ
لەن بارغان تاغ ـ ئورمانلىقلاردا هەر خىل ئا ـ
دەملەرنى ـ تەتقىقاتچىلارنى، ساياهەتچىلەرنى
ئۇچراتقان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە چوڭقۇر دوست ـ
لۇق رىشتى باغلانغانلارمۇ بار. بىراق ئو ـ
غۇل پەرزەنت كورۇش ئارزۇسىنى بىراۋغا ئىز ـ
هار قىلغان ئەمەسمەن. بۇ پەقەت كوڭۇلدى ـ
كىلا ئىش. هىلىقىدەك غەلىتە ”ئادەم» نى
ئەسلا كورگۈنۈم يوق. پەرىزاتنىڭ ئىيتىشىچە،
هىلىقى يوچۇن ئادەم ئۇ هىچقاچان كورۇپ باق ـ
مىغان چاسا شەكىللىك بىر تۇتاش قارا رەڭ ـ
لىك كوز ئەينەك تاقىۋالغان. قىلىن هەم كى ـ
لەڭسىز ماسكىسىنىڭ ئىككى چىتىدىن دەلدى ـ
يىپ چىقىپ تۇرغان قۇلاقلىرىنىڭ توشۇگى يوق
بولۇپ بەئەينى توگە تاپىنىنى كىسىپ چاپ ـ
لاپ قويغاندەكلا ئىمىش...

ئۇستازىم! ئۇ جىن ـ شاياتۇن بولمىغاندا
باشقا سەييارىدىن كەلگەن ئالەم كىشىسىمە ـ
كىن دەپ قىياس قىلىمەن. يەر شارىدا ئۇتەخ ـ
لىتتىكى ئادەمنى كىم كورگەن؟...

ئويلىغانسىرى تىنىم شۇركىنىۋاتىدۇ، ئۇمەخ ـ
لۇق بىزنىڭ شۇ كۇنى باغچىغا هەم باغچا ئا ـ
رىلاپ ئاقىدىغان دەريا بويىغا بارىدىغانلى ـ
غىمىزنى،هەتتا ئايالىمنىڭ ئىككى قات ئىكەن ـ
لىكىنى،بىزنىڭ ئوغۇل پەرزەنتكە خۇشتار ئى ـ
كەنلىكىمىزنى نەدىن بىلىۋالغاندۇ!؟...

هازىرقى زامان تىببى ئىلمىنىڭ مۇۋەپپەقى ـ
يەتلىرى پەرزەنتنىڭ ئوغۇل ياكى قىز بولۇپ
تۇغۇلۇشىنى ئالدىن تاللىۋىلىش مەسىلىسىنى
هەل قىلىشقا تىخى قادىر ئەمەس، نەگەر بۇ
”سىرلىق مىۋە » راستىنلا بۇ مەسىلىنى هەل
قىلالايدىغان بولسا يەر شارىنىڭ نوپۇسىنى
تىزگىنلەشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىش ئۈچۈن
نە قەدەر پايدىلىق بولغان بولاتتى ـ هە، ئۇ ـ
دەرەختە بولىدىغان مىۋىمۇ ياكى تىببى دورى ـ
گەرلىك ئىلمىنىڭ مەھسۇلىمۇ؟ ئەگەر ئۇ يەر
شارىدا بولماي باشقا سەييارىدا بولغان تەق ـ
دىردىمۇ، ئىزدىنىپ كورۇش ۋە ئۇنى تىپىش

مېنىڭ ئائىلەم ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە توھپە بولۇپ قالىدۇ دەپ قارايمەن.

مەسلىھەتىڭىزنى كۈتۈپ

كېرىم

«15 ـ ئاۋغۇست»

## 2

ياڭ پىروفېسسور كېرىمنىڭ خېتىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدى، دۆلەتلىك مىۋە ـ چېۋە ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركىتى بىلەن ئالاقىلاشتى. ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقى يۇرتى ئىنستىتۇتىنىڭ پىشقەدەم مۇتەخەسسىسى ـ كونا دوستى جۇن. سېلبېرت بىلەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا سۆزلەشتى، ماتېرىياللارنى كۆردى…

ئاخىرىدا يەر شارى مىقياسىدا ھېلىقىدەك مىۋىنىڭ يوقلىقىنى ئاساسەن مۇقىملاشتۇردى. ئۇ كېرىمغا جاۋاب يازغان خېتىدە ئۇنىڭ تەھلىل ـ قىياسلىرىنى چەتكە قاقمىدى، ئۇنىڭ ئىنسانىيەت مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىزدىنىش يولىدىكى قەتئىي ئىرادىسىگە مەدەت بەردى ھەمدە «يەر شارى ئۆسۈملۈك ـ گىيالىرى قامۇسى» نى ئەۋەتتى.

ئايانكى بۇ كىتاپمۇ كېرىمنىڭ ئىزلىنىشلىرىگە ياردەم بېرەلمىدى، ئۇ كىتاپنىڭ ئاخىرقى بېتىنى ياپتى ـ دە، ئۈستەل چىرىغى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان ئۆيدە ـ مايسىرەڭ شايى پەردە ئىچىدە ياتقان پەرىزاتقا قارىدى. ئۇ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ جويلۇيتى، يېنىك ئىڭرايتتى. كېرىم ئورنىدىن تۇردى، ئايالىنىڭ ئۈستىدىكى يۇڭ ئەدىيالنى تۈزەشتۈرۈپ قويماقچى بولۇپ ئېگىلىشىۋېدى، پەرىزات كۆزلىرىنى لاپپىدە ئاچتى، «تېخىچە ئۇخلىمىدىڭىزمۇ؟» دېدى ئۇ ھالسىز ھالدا.

— ھەئە، كۆزلىرىم ئۇيقۇدىن يىراق، ـ كېرىم پەرىزاتنىڭ ماڭلىيىدا چىپچىلىپ ياتقان چاچلىرىنى مېھرىۋانلىق بىلەن تۈزەپ قويدى.

— بىلىۋاتىمەن، مەن ئۈچۈن ئازاپلىنىۋاتىسىز، ئەنە شۇ ئېزىتقۇ نەرسىنى دەپ سالامەتلىكىڭىزنى بۇزۇپ قويمىسىڭىز بولاتتى…

— نېمە دەۋاتىسىز پەرىزات، ـ كېرىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، ـ سىز «ئېزىتقۇ» دەپ ئاتىغان ئەشۇ نەرسە ئالەمدە بارلا نەرسە بولسا، ئەگەر ئۇنى جىن ـ ئالۋاستى يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقارغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ رولىغا بولغان قىزىقىش مېنىڭ ئىزدىنىش ئىرادەم ئۈچۈن يېشىل چىراق ياقتى، ھازىرچە، ئالايلى، ئۇ بىزنىڭ ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈش توغرىسىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزغا دەرمان بولالايدىغان نەرسە بولغاندىمۇ ئۇنى تاپماق… سىز…، ـ كېرىم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ـ پەرزەنتىمىز مەيلى قىز ياكى ئوغۇل بولسۇن ھەممە ئەزاسىنىڭ تولۇق، بىجىرىم تۇغۇلىشىدىن ئۈمىت كۈتۈش قىيىن، تۇغۇلغاندىمۇ ئۆمۈرۋايەت نىمجان بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، بۇنى سىز مەندىن ياخشىراق چۈشىنىسىز.

پەرىزاتنىڭ تال ـ تال ئۇزۇن كىرپىكلىرى، نەمدەلدى، ـ بولدى قويۇڭ، ھېچقاچان، ھېچنەدە كۆرمىگەنلا نەرسىڭىز ئۇ! مەسىلەن، ئالايلۇق، ئۇنىڭدا ئۇزۇقمۇ يوق……، قېنى، كېرىم، ھېلىقى ئېزىتقۇغا ئوخشاپ كېتىدىغان، ئۆزىڭىز «كەشپ» ئەتكەن نەرسىلىرىڭىزنى بېرىڭا، يەپ باقاي، ـ ئۇ ئورە بولۇپ ماموق ياستۇقلارغا يۆلەندى، كېرىمنىڭ كۆز ئالدى پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ ئەنە شۇنى ئۈمىت قىلغان ئەمەسمىدى، كۆپ ھاللاردا كۆڭۈل كۆزگە باغلىنىپ قالغان بولىدۇ.

كېرىم ئەينەك قەندەلدىكى سۇنئىي «سىرلىق مىۋە» نى ئېلىپ كېلىپ تومپۇچكىغا قويدى،

ئۇنىڭ پوستى ھىلىقى تەبىئى «سىرلىق مىۋە»نىڭ بولۇپ ئىچىگە ئاپلىسۇن مىۋىسى قاچىلانغان ئىدى، تەممىنى ئەلۋەتتە ئەينەن ئوخشۇتۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، «كورگەن تويۇپتۇ» دىگەندەك، كىرىم «كورمەككە بار، يىمەككە يوق»ھىلىسىنى قوللۇنۇپ پەرىزاتنىڭ دەردىگە ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئارام بەرمەكچى بولغان ئىدى. بۇ بىر تەۋەككۇل قىلىنغان «سىناق» ئىدىغۇ. ئەمدى بولسا يەپ باقماقچى بولىۋاتىدۇ.

كىرىم يوللەنگەن لوڭگىنى ئۈزاتتى، پەرىزات قوللىرىنى سۇرتتى، ئىشتىھا بىلەن مىۋىنى قولىغا ئالدى. كىرىم گويا مۇھىم بىر تەجرىبىنىڭ نەتىجىسىنى كۇتۇۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قارايتتى. ئەمما نەتىجە ئۇ كۇتكەندەك بولمىدى. پەرىزات ئاغزىغا سالغان بىر تال مىۋىنىلا ئەمەس، ئاخشام زورلاپ دىگىدەك ئىچكەن سۇيۇق - سىلەڭنىمۇ ھايالسىز ياندۇرۇۋەتتى......

كىرىم ئۇزۇلدۇرمەي تاماكۇ چىكەتتى. كۇلدان تاماكۇ قالدۇقلىرىغا توشۇپ كەتتى. پەرىزاتنىڭ ئاندا - ساندا ئىڭغىنا قىلاشلىرىنى ھىسابقا ئالمىغاندا جىمجىتلىق ھوكۇم سۇرگەن ئويىنىڭ ھاۋاسىغا نىپىز بىر قەۋەت كوك ئىس قوشۇلغان ئىدى. پول ئۇستىگە سېلىنغان گىلەمگە ئۇنىڭ ساناقسىز كورۇنمەس ئىزلىرى چۈشتى. ئۇ دىرىزە ئالدىغا كىلىپ ئۇيقۇسىرىغان كوزلىرىنى قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان ئاسمان بوشلۇغىغا تىكتى. ئۇ ئوزىنى ئايالىنىڭ ئالدىدا ئەيىپلىكتەك ھىس قىلاتتى. ئۇ ئىپناق، خاتىرجەم، بەختلىك ئائىلىسىنى سا راسىمىگە سالغان ھىلىقى مەخلۇقنى كوز ئالدىغا كەلتۇرگىنىدە غەزەپتىن چىشلىرى كاراسلاپ كەتتى. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ ئىسىگە تەتقىقات ئورنىنىڭ باش تەتقىقاتچىسى ئىبلى بىلەن بولغان قىسقىچە سوھبىتى كىلىپ قالدى » بۇ چىكىدىن ئاشقان ئەخمىقانىلىق دىگەن ئىدى ئىبلى كوزلىرىنى قىسىپ، - بىر ئاددى مىۋە، ئەگەر ئۇنى شۇنداق دەپ ئاتاشقا توغرا كەلگەندىمۇ، قانداقمۇ قوساقتىكى ھامىلەنىڭ ئوغۇل ياكى قىز بولۇشىنى بەلگىلەپ بىرەلىسۇن؟... ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنى سەييارىلەردىن تاپماقچى بولىسىز، رەنجىمەسلىكىڭىزنى ئوتۇنىمەن، يولداش دوكتۇر، سىزگە ئوخشاش تونۇلغان بىر تەتقىقات خادىمى ئۇچۇن ئىبيتقاندا بۇ خىل نۇقتىئىنەزەر بەكمۇ نادانلىقتۇر.» «ئەبلەخ!-دەپ پىچىرلىدى كىرىم، - مەن سېنى تاپماي قويمايمەن. سېنىڭ ئەشۇ بىر نىمەڭنىڭ سىرىنى ئاچماي قويمايمەن!»

كىرىم ئۇستەلگە ئولتۇردى - دە، قولىغا قەلەم ئالدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر غايىۋى پىلان قەد كوتەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ زېرەك مىڭىسى ۋە مول بىلىمى بۇ پىلانىنىڭ ياخشى نەتىجىسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى مۇكەممەللەشتۇرگەن ئىدى. قەلەم تېلېگىراممىا قەغىزى ئۇستىدە بىر پەس يورغىلاپ توختىدى. ئاخىرىدا ئىپنىگىلىزچە چوڭ - چوڭ قىلىپ«ئالەم خەۋەرلىرى گېزىتىگە» دەپ يازدى، ئاندىن بىمنا دىكى ئاپتۇماتىك تېلېگىراف ئاپاراتىغا كىرگۇزۇۋەتتى......

※ ※ ※

ئۇ ھەم ئۇمىت ھەم ئۇمىتسىزلىك ئىچىدە مىنۇت - سىكونتلاپ-كەتكەن پەيت ئاخىرى يىتىپ كەلدى. ئارىدىن 2 سوتكا ئوتكەندە «ئالەم خەۋەرلىرى گېزىتى» دىن ئۇچۇر كەلدى. ئۇنىڭ قىياسى توغرا بولۇپ چىقتى. مۇشتىرىلارنىڭ ئىنكاسلىرىغا ئالاھىدە كوڭۇل بولىدىغان گېزىت تەھرىرى بەلگۇلىرى كىرىمنىڭ يازغىنىغا ئوخشاپ كىتىدىغان مىۋىنىڭ مارستىن چىقىدىغانلىغى توغرىسىدا ئالاقىدار

تارماقلاردىن جاۋاپ ئالغان ئىدى. بۇ خەۋەر كېرىمنى پەرزەندى ساق - سالامەت دۇنياغا كۆز ئاچقاندىكىدىنمۇ بەك خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇ تەتقىقات ئورنىدىن قايتىپ كېلىپ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەندە پەرىزاتمۇ ئۇنىڭ شاتلىقىغا ئورتاقلاشتى.

بۇ كېچە كېرىم ئۈچۈن ئىنتايىن خاتىرجەم ئۇخلىغان، شۇنداقلا ئۆزى ئارامىدا بولسىمۇ روھى سەپەردە بولغان ئەڭ خاسىيەتلىك بىر كېچە بولدى......

3

هاۋا ئادەتتىن تاشقىرى ئوچۇق ئىدى...

كېرىم سائىتىگە 200 كىلومېتىرلاپ يول يۈرىدىغان جىپنى هەيدەپ ئالەم بوشلۇغى ئىستانسىسىغا كەلدى - دە، يەر شارى- مارس لىنىيىسىدە قاتنايدىغان ئالەم ئايروپىلانىغا چۈشۈپ ئۇچتى. سەپەر شۇ قەدەر ئوڭۇشلۇق بولدىكى، ئاسمان بوشلۇغىدىكى لەيلىمە شەهەر بېكىتىدە قىسقا ۋاقىت توختىغان ئەهۋالدىمۇ، يەر شارىدىن قوزغۇلۇپ مارسقا قونغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتنى كېرىم ئويىدىن تەتقىقات ئورنىغا بارغانچىلىكلا هېس قىلدى. ئۇ ئايروپىلان شوتىسىدىن چۈشۈۋېتىپ بىر قوڭۇر چاچلىق قىزنىڭ كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىغىنى كوردى- دە، يەر شارىدىن ئايرىلىش ئالدىدا ئالەم بوشلۇغى ئىستانسىسى ئالاقىلىشىش بولۇمىدىكى كاتىپنىڭ "سىزنى مارى ئىسىملىك قىز كۈتىۋالىدۇ، ئۇ يېڭى سورتلۇق مىۋىلەر يۇرتىنىڭ مەشهۇر تەتقىقاتچىسى" دېگەنلىگىنى ئېسىگە ئالدى. قىز ئۇنتىنىسىز هالدا كېرىمنىڭ كوكرىكىگە يۈرەك شەكىللىك بىر دانە ئىنزىناكنى تاقاپ قويدى، ئاندىن يۇمشاق قوللىرىنى ئۇزاتتى:

- سالام سىزگە، سەييارىمىزغا ئامان- ئىسەن يېتىپ كەلگەنلىگىڭىزنى تەبرىكلەيمەن.

كېرىم ئالەم كىشىلىرى بىلەن تىل ئالماشتۇرۇشتا قىيىنچىلىق بولۇشىدىن ئەندىشە قىلغان ئىدى، ئەمدى بولسا قىزنىڭ سوزى ئوز تىلىدەكلا راۋان-چۈشىنىشلىك ئاڭلىنىۋاتقانلىغىغا هەيران قالدى. ئۇنىڭ كوزى قىزنىڭ كوكسىدىكى شەكلى ئوزىنىڭ كوكسىدىكىگە تامامەن ئوخشايدىغان ئىنزىناكقا چۈشكەندە ئۇنىڭ ئاپتوماتىك تەرجىمە ئاپاراتى ئىكەنلىگىدىن گۇمان قىلمىدى.

- كەچۈرسىز، سىز مارى خانىممۇ؟- دېدى كېرىم سىنچى كوزلىرىنى قىزغا تىكىپ.

- هەئە سىزنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كەلگەنمەن،-قىزنىڭ كۈلكە ئويناپ تۇرغان زەڭگەر كوزلىرىدىن يېقىملىق نۇر چاقناپ كەتتى.

-رەخمەت سىزگە، كۈتۈۋېلىشىڭىزغا مۇيەسسەر بولغانلىغىم ئۈچۈن خۇرسەنمەن. قىز كېرىمنى قولتۇقلاپ دەم ئېلىش زالىغا باشلاپ كىردى. زالنىڭ تەرەپ-تەرەپلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئۇلار هېلىقى "سىرلىق مىۋە"نىڭ تەمىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ تاتلىقراق بولغان بىر خىل سوغۇق ئىچىملىكنى سۇمۇرگەچ پاراڭغا چۈشتى:

-كېرىم ئەپەندى،-دېدى مارى،- مەهكىمىمىز ئورۇنلاشتۇرغان كۈن تەرتىپ بويىچە ئالدى بىلەن مارس مەركىزى رىستورانىغا چۈشىسىز، 3كۈن دەم ئېلىش ۋە ساياهەتتە بولىسىز، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 2كۈن ئىختىيارىڭىزدا، بەلكى هېلىقى باغدا بولىسىز...

كېرىم ئالدىراپ قالدى: كەچۈرۈڭ، ئەتىلا قايتىشىم كېرەك، چۈنكى ئايالىم....

- بىلىمەن، - قىز خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلۈپ كەتتى، - ئايالىڭىز ئىككى قات ، بىر ئوغۇلنىڭ ئاتىسى بولماقچىسىز، شۇنداقمۇ؟... ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن سەمىمىلىك، دوستانىلىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى، - جۇرۇڭ، ئالدى بىلەن

ئورۇنلىشىۋېلىش، مارى كىرىمنىڭ چامىدانىغا ئېگىشتى. بۇلار زالنىڭ پىقىراتما ئىشىكىدىن ئۆتۈپ پەلەمپەي ئاستىدا توختۇتۇپ قويۇلغان، پۈتۈن گەۋدىسىدىن نۇر چېچىلىپ تۇرىدىغان نەپىس يېنىك ماشىنىغا ئولتۇرۇشتى. شوپۇرى ئاجايىپكى، قىز ئۇنى ئاۋاز بىلەن باشقۇرۇپ ماڭاتتى، يېنىك ماشىنا بوشلۇقتا ئېسىلىپ تۇرغان يولدىن غۇيۇلداپ ھەيۋەتلىك بىنا ئالدىدا توختىدى. بۇ مەركىزى رېستوران ئىدى.

كىرىم بىر كېچە ئىنتايىن ئوبدان ئۇخلىدى، ئۇنىڭ روھى سېزىمى جايىدا، ئىشتىھاسى ياخشى ئىدى. مول ناشتىدىن كېيىن مارى كىرىپ كەلدى ۋە مەھكىمىنىڭ ئۇنى بۇگۈنلا يولغا سېلىپ قويۇشقا قوشۇلغانلىقىنى ئۇختۇردى. ئۇ تامدىكى كۇنۇپكىنى بېسىۋىدى، دەرىزە يېنىدىكى تام يانغا سۈرۈلۈپ بىر بوشلۇق پەيدا بولدى، ئۇلارنى ھەركەتچان پول قەدەم تاشلاتقۇزمايلا ئېلىپ كەتتى.

باغ خۇددى راۋايەتلەردىكىدەك كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك ئىدى، باغنىڭ ئۈستى تۇتاش ئەينەك بىلەن يېپىلغان بولۇپ خۇددى پارنىكقا ئوخشايتى، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى بوشلۇقتا سۈنئىي قوياش نۇر چېچىپ تۇراتتى. كىرىم ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان مېۋىلەرگە، خىلمۇ-خىل ئاۋازدا ناۋا قىلىپ تۇرغان قۇشلارغا، شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان سۈت رەڭلىك سۇ، فونتان، ئاجايىپ-غارايىپ سۈنئىي تاغ ۋە رەڭگا-رەڭ خۇشپۇراق گۈللەرنىڭ ھېچقايسىسىغا قىزىقمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جۇلالىنىپ تۇرغان مېۋىلىك دەرەخلەر نامايەن بولغاندا شاتلىقتىن كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ-كىرىم ئىزدىگەن ھېلىقى «سىرلىق مېۋە» نىڭ ئۆزى ئىدى.

— سىز ئىزدىگەن «سىرلىق شىپا» مۇشۇ،-دېدى مارى كۈلۈپ، -ئەمدى بىرىڭىزنى ئاتا بولدۇم دەۋېرىڭ.

— ئاخىرى تاپتىم،-دېدى كىرىم ھاياجان بىلەن ھەم يوغان، ھەم قېلىن كۈنلۈكسىمان يوپۇرماقلار ئارىسىدا مارىشىپ تۇرغان «سىرلىق شىپا» مېۋىلىرىدىن كۆزىنى ئۈزمىگەن ھالدا، -بۇنى ھامىلدار ئاياللار يېيىشى كېرەك. شۇندا قىمۇ؟...... ئەگەر قىز پەرزەنت كۆرۈشنى خالايدىغانلار بولغىنىدا...

— ئۇنداق ئەمەس، ئادەتتە ھەر قانداق جىنسلىق ئادەم ئۇسسۇزلۇق ۋە لەززەت ئۈچۈن يېسە بولۇۋېرىدۇ. ئەمدى ھامىلدارلارغا كەلسەك، ئوغۇل خالايدىغانلار سوسۇن رەڭدىكىسىنى، قىز خالايدىغانلار قېنىق مايسىرەڭدىكىسىنى ئىستىمال قىلىش كېرەك. شەرتى شۇكى، سىزنىڭ مەزگىلىدە ھەر كۈنى كەچتە بىر ئايغىچە ئۈزۈلدۈرمەي يەيدۇ. ئەگەر مېۋە يېيىشكە باشلىغاندىن كېيىن يۇقۇرقى ئارزۇسىنىڭ قايسىبىرىدىن ۋاز كەچمەكچى بولسا مېۋىنىڭ قېقىدىن يەۋەتسە بولىدۇ.

— مالال كۆرمىسىڭىز، مارىخانىم، بىر ئىشنى ئېنىقلىۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلسىڭىز، «سىرلىق شىپا» نى يەر شارىغا ئېلىپ بارغان ۋە ئايالىمغا بەرگەن كىشى سىلەرنىڭ ئادىمىڭلارمۇ؟

— شۇنداق،-قىز يېقىملىق، ئەمما ھەيياردلىق بىلەن كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى.

— ئۇ نىمىشقا ... مەسىلەن، سىزگە ئوخشاش قىياپەتتە ئەمەس؟

— بىزنىڭ ئەسلى قىياپىتىمىز دەل ئەشۇنداق، ئەمما خالىغان چاغدا ئۆزگۆرەلەيمىز. بۇ يەر شارى ئادەملىرىدىكە يېقىنلىشىشنى ئۇزۇن مۇددەت تەتقىق قىلىغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى، ئەگەر ئۇ ئەسلى قىياپىتى بى-

لەن كورۇلمىگەن بولسا، سىز ئۇنىڭ باشقا
سەيياردىن كەلگەنلىكىگە ئىشەنگەن، ئاخىرى
مارسقا كەلگەن بولاتتىڭىزمۇ؟

ــ مېنى مارسقا قىزىقتۇرۇپ نېمە قىلاتتـ
تىڭلار؟ـ كىرىم تەئەججۇپلىنىپ سورىدى.

ــ دوستلۇق ئۈچۈن، سىزنىڭ بەرگەن يارـ
دەملىرىڭىزگە ئەمەلىي مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش
ئۈچۈن، يەر شارىدىن ئېلىپ كېلىنگەن دەـ
رەخ نوتىلىرىدىن يېتىشتۈرۈلگەن يېڭى سورتـ
لارنى كورسىتىپ تەتقىقاتتا ئورتاق قىلىشىش
ئۈچۈن ...

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ چۈشىنەلمىدىم،ـ
كىرىمنىڭ قويۇق قاشلىرى يىمىرىلدى.

ــ سىز، ئۆزىڭىزگە " سىرلىق شىپا " نى
يەتكۈزۈپ بەرگەن ئادەم بىلەن كوپ قېتىم
ئۇچراشقان، ھەتتا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ
قالغان، شۇنداق ئەمەسمۇ، ئەسلىيەلمەيۋاتـ
تامسىز؟

ــ نىمە؟ نىمە دەۋاتىسىز؟ ...... مەن ئۇنى
كورگىنىم يوققۇ!

ــ ئالدىرىماڭ،ـ دېدى مارى كۈلۈپ، ـ ئۇ
يەر شارى ئادەملىرى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ
سىلەر بىلەن ئورمانلىقلاردا، تاغلاردا بىللە
بولغان، ئۇ سىزنىڭ ياردىمىڭىز بىلەن نۇرـ
غۇنلىغان ياۋا مېۋە دەرەخلىرى ۋە ئۇنىڭ
خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن تونۇشقان، قاراڭ، بۇ
باغدىكى مېۋىلەرنىڭ كوپىنچىسى ئەنە شۇ
يەر شارى دەرەخلىرىنى ئۆزگەرتىپ يېڭى سورت
يېتىشتۈرۈشنىڭ مەھسۇلى.

كىرىمنىڭ كوزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇـ
نىڭ ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. لېكىن ماـ
رىنىڭ تەمكىن ئەمما سەمىمى ئاۋازى يالـ
غاندىن يىراق، تەبىئى ئىدى.

ــ ئۇ مېنىڭ پىكىر خىياللىرىمنى، ھەرـ
كەت پىلانلىرىمنى قانداق بىلىۋالغان؟ :

ــ شۇ مەزگىللەردە بىراۋ سىزگە خاتىرە
بويۇمى تەقدىم قىلغانمۇ؟

ـ كىرىم قوشۇمىسىنى تۈردى :

ــ شۇنداق، ئۇ ماڭا ئالاھىدە مىتالدىن ياـ
سالغان، سىياسى قۇرۇمايدىغان نەپىس بىر
تال قەلەم تەقدىم قىلغان.

ــ ئەنە شۇ قەلەمگە پۈتكۈل نېرۋە پائالـ
لىيىتىڭىزدىن خەۋەر بېرىدىغان ئاپپارات ئورنىـ
تىلغان، ئۇ پىكىر ـ خىيال، تەسەۋۋۇرلىرىڭىزـ
نى، پىلانلىرىڭىزنى سىزگە قەلەم تەقدىم قىلـ
غان كىشىنىڭ مىڭىسىگە ئورنىتىلغان پەۋقۇلـ
ئاددە ئاپپاراتقا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ
ئادىمىمىز، ئېنىقراق ئېيتقاندا سىزنىڭ دوسـ
تىڭىز ئۇ ئارقىلىق تەتقىقات ئەھۋالىڭىزنى
ئىگەللەپ تۇرغان، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭىزنى
بىلگەن.

كىرىم ئۇشتۇمتۇت ۋاقىرىۋەتتى:

ــ تەتقىقات ئەھۋالىڭىزنى ئىگەللەپ تۇرـ
غان؟ بۇقانداق گەپ!؟ ... بۇ ئىلىم ـ پەن ساھەـ
سىدىكى ئوغۇرلۇققۇ! ...

ــ ياق، ئۇ سىزنىڭ تەتقىقات مېۋىلىرىـ
ڭىزنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش مەقسىدىدە
ئەمەس، بەلكى زورۇر تېپىلغاندا سىزگە يارـ
دەم بېرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر.

ــ ئۇنداقتا يۈزمۇ ـ يۈز تۇرۇپ ئاشكارىسىـ
نى ئېيتسا تېخىمۇ ئاقىلانىلىق بولاتتىغۇ.

ــ سىلەرنىڭ زېمىنىڭلاردا تۇرغاندا ئۇ
ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ۋە مارسلىق ئىكەنلىكىـ
نى ھەرگىز ئاشكارىلىيالمايدۇ. بولمىسا ئۇ
يەردە قىلىۋاتقان ئىشلىرى سىزىلىپ قالىدۇـ
دە، يەر شارىدىكى تەتقىقات ئورۇنلىرى ئۇـ
نىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا يول قويماسـ
لىقى مۇمكىن.

ــ ئۇنداقتا مەن سىلەرنىڭ يەر شارى بايـ
لىقلىرىنى ئوغۇرلىشىڭلارغا ياردەم بەرگەن

جىنايەتكار بولۇپ قالمىدىمۇ؟ــ كېرىمنىڭ ئاۋازى ئۆزگەردى.

ــ بىزنىڭ ئىلىپ كەلگىنىمىز سىلەرنىڭ يەر شارىدا ئۆتۈن قىلىپ قالاشقىمۇ يارىمايدىغان چىۋىق ــ نوتىلا. كەلگۈسىدە يەر شارى ئىنسانلىرى بىلەن ئالەم كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى بىرلىككە كەلگەندە، سەييارىلار ئارا چۈشىنىش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ رەسمى ئالاقە ئورنىتىلغاندا بۇ تەتقىقات مېۋىلىرى ئومۇم پايدىلىنىدىغان بايلىققا ئايلىنىدۇ.

كېرىمنىڭ كۆڭلىدىكى چىگىش يېشىلگەندەك بولدى:

ــ ئەشۇ دوستانە بۇرادەر بىلەن بۇقېتىم كورۇشۇشنىڭ ئىمكانىيىتى بارمۇ؟ــ دېدى ئۈرۈھلۇنۇپ.

ــ ئۇ ھازىر ئايدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتىدۇ.

ــ كېيىنچۇ؟

ــ ئۇ ئەمدى يەر شارىغا بارمايدۇ. ئۇ يەردىكى پەۋقۇلئاددە ۋەزىپىلىرىنى تاماملاپ بولغان،ــ دېدى مارى تەبەسسۇم بىلەن يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرغان قوڭۇر چاچلىرىنى سىلىكىپ ۋە ئاخىرىدا قوشۇپ قويدى،ــ بۇ ئارزۇيىڭىزنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويىمەن.

ــ «سىرلىق شىپا» دەرىخىنى يەر شارىغا...

ــ ماكانلاشتۇرسام دېمەكچىمۇ سىز،ــ مارى ئۇنىڭ سۆزىنى بولۇپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى،ــ بۇنىڭ ئۇرۇغى بولمايدۇ، نوتىلىرىنى يىلنىڭ ھەر قانداق پەسلىدە يوتكەپ ئۇلىسا بولىۋېرىدۇ. بىر يىلغا قالماي مېۋە بېرىدۇ. بىراق مارس بىلەن يەر شارىنىڭ تۇپراق تەركىۋى ئوخشاپ كەتمىگەچكە بىر مەزگىل سىناقتىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلەر، شۇڭا مارس تۇپرىقىدىن ئازراق ئېلىپ كەتكىنىڭىز ياخشى.

كېرىم قىزنىڭ ياردىمى بىلەن بىر كىلىيونكا يەشىككە «سىرلىق شىپا» مېۋىسىنى، يەنە بىرسىگە تۇپراق بىلەن شۇڭلارنى قاچىلىدى.

ــ ئىش پۈتتى، چۈشتىن كېيىن قايتىسىز،ــ دېدى مارى ئايرىلىشقا كوزى قىيمىغاندەك قىياپەتتە،ــ مەھبۇبىڭىز بۈگۈن دىدارىڭىزنى كورۇشتىن خەۋەرسىز، ئالدىن خەۋەر بېرىپ قويۇشنى خالامسىز؟ قىز ئالقانچىلىكلا كېلىدىغان بىر ئەسۋاپنى كېرىمگە سۇندى، ئۇ سەييارىلار ئارا ئاپتوماتىك خەۋەرلىشىش ئاپاراتى بولۇپ سەرەڭگە قېپىدىن چوڭراق ئېكرانى بار ئىدى. مارى ئاپاراتنى ئىشلىتىش قائىدىلىرىنى چۈشەندۈردى. كېرىم ھاياجان ئىلكىدە ئېكران يېنىدىكى كىچىككىنە مىكرافونغا تىكىلدى:ــ يەر شارى... يەر شارى... 12806 ــ بىنا، 153 ــ نومۇر...... پەرىزاتمۇ سىز؟

ئېكراندا يېشىل نۇر چاقناپ ئوتتى، ئاندىن كېرىمنىڭ ئويى ۋە پەرىزات پەيدا بولدى. ئېكران يۈزىگە چوڭايتقۇچى ئەينەك ئورنىتىلغانلىقتىن سۈرەت ئېنىق ئىدى.

ــ پەرىزات، قەدىرلىكىم، مەقسىدىمگە يەتتىم، بۈگۈن قايتىمەن، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ بۈگۈن يېتىپ بارىمەن! كېرىم پەرزاتنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلىمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ چىرايىغا بالقىپ چىققان تەبەسسۇمنى ۋە كوزلىرىدە يالتىراپ تۇرغان شاتلىق يېشىنى كوردى ......

ــ خەير ــ خوش، مارى!ــ كېرىم ئالەم ئايروپىلانى شوتىسىدا تۇرۇپ قول پۇلاڭلاتتى،ــ سىزنىڭ يەر شارىمىزغا بېرىشىڭىزنى قارشى ئالىمىز.

ــ خوش، يول بولسۇن! ئۇ كۈنلەرمۇ يېتىپ كېلىدۇ.

ئايرۇپىلان جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن گۈرۈلدەش ئىچىدە قوزغالدى، قوڭغۇر چاچلىق مارس قىزى ئاپپاق ياغلىقىنى سىلكىتىپ قالدى...

ئايرۇپىلان كۆزنىڭدىن سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار پىلىلداپ تۇرغان چەكسىز ئالەم بوشلۇغىدا بىر قەۋەت قويۇق كۆكۈش تۇمان بىلەن قاپلانغان يەر شارى غۇۋا كۆرۈنگەندە كېرىم خۇشاللىقىدىن ۋارقىراۋەتتى.

— پەرىزات! مەن كەلدىم، "سىرلىق شىپا" نى ئېلىپ كەلدىم!.........

* * *

كېرىم قاتتىق ۋارقىرىغىنىچە چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ كاڭگىرىغان ھالدا ئەتراپقا ئەندىكىپ قارىدى: ئۆز ئۆيى، ھەممە نەرسە جايىدا ئىدى. پەرىزات ۋە قىزى كۈلھايات تەئەججۇپلەنگەن ھالدا ئويقۇلۇق كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۆي غۇۋا بولۇپ تېخى تاڭ ئاتمىغان ئىدى.

— نېمە بولدىڭىز كېرىم؟ "سىرلىق شىپا" دەيسىزغۇ.

— ئاجايىپ چۈش، — كېرىم كارىۋاتتىن چۈشتى ۋە سەنتۈرۈلگەن پېتى چىراقنى ياندۇرۇپ دېرىزە قاپقىقىنى ئاچتى. سالقىن شامال ئۇنىڭ تۇنبۇيى ئارام ئالمىغان مېڭىسىنى سەگىتتى. سۇبھى كۆتىرىلىشكە باشلىغان بۇلۇتسىز ئاسماندا يۇلتۇزلار غۇۋا جىمىرلايتتى.

كېرىم بىپايان ئاسمان بوشلۇغىدا پەرۋاز قىلىپ يۈرگەنلىكلىرىنى ۋە ئاجايىپ ئۇچرۇشنى ئېسىگە ئېلىپ مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى.

(بېشى 64 - بەتتە)

سەۋرىنسا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن ئەسلى شەھەردىن. ئاتا - ئانامۇ شەھەردە. لېكىن ھازىر شەھەر بىلەن يېزىنىڭ نېمە پەرقى. مەھەللە-كوييلىرىمىز ئوبدان. مۇشۇنچىلىك ياشاپ تۇردۇق كۈلەم. كىشى بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە قانداق تۇرمۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، — دېدى ماڭا قاراپ.

شۇ چاغدا تىراكتورنىڭ گۈكىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. قادىر چىقىپ كېتىپ ئاكامنى باشلاپ كىردى. بىز خۇشاللىقىمىزدىنمۇ ياكى ئۇزاق مۇددەت ئايرىلىپ كېتىپ كۆرۈشمىگەچكىمۇ كۆزلىرىمىز نەمدەلدى. ھايال ئۆتمەي ھادۇق ئىشىمۇ كىردى. گۈڭگۈر - مۇڭگۈر ئولتۇرۇپ، ئاچچىق - چۈچۈك ئاشنى ئىچىپ، دۇئادىن كېيىن ئاكام بىلەن قوزغالدۇق.

ئاكامنىڭ ھويلىسىمۇ، ئۆيلىرىمۇ خۇددى قادىرنىڭكىدەك ئىدى. ئاكام بىلەن قادىردەك سانسىز دېھقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ باياشات تۇرمۇشىنى كۆرۈپ، ھازىرقى دەۋرگە چىن قەلبىمدىن ھاتلىقىم ئاشتى.

# گۈللەنگەن يېزا

(سىكىل)

يۈسۈپجان ئىسمايىل

## مۇقەددىمە

ھوسۇللۇق يىللارنىڭ باش كۈز ئايلىرى،
گېزىتتىن كوردۇممەن قۇتلۇق بىر خەۋەر.
ئانا يۇرت - يېزامنىڭ باياشاتلىقى،
يېزىلغان ئۇنىڭدا ئەينەن شۇ قەدەر.

تاڭ چېغى شوخ سابا گۈلنى سۆيگەندەك،
يېزامنىڭ تەرىپى دىلىم يايراتتى.
سېغىنىش ئوتلىرى قەلبىمنى چولغاپ،
بىر كورۇش ھەۋىسى مېنى ئويغاتتى.

## ئۇچرۇشىش

ۋىسال ئىشقىدا يانغان چېغىمدا،
بەختىمگە يۇرت تامان چىقتى بىر سەپەر.
ئاتلاندىم جىم بىلەن ھاياجان ئىچرە،
ئۇچرۇشۇش پەيتلىرى كەلگەن كۈن سەھەر.

دېڭىزدەك تىنىق كوك، چىڭقى چۈش ۋاقتى،
مۇبارەك قەدىمىم يەتتى يۇرتۇمغا.
كوردۇمكى شۇنچە ئۈز ئېتىز، قىر-دالا،
چۈمۈپتۇ گوياكى قىپ-قىزىل نۇرغا.

كوز تىكىپ قاياققا باقسام مەيلى مەن،
قەد كىرىپ تۇرۇپتۇ ھەيۋەت تاغلىرى.
تەبىئەت ھوسنىگە چەككەن گۈل - نەقىش،
مېۋىگە لىق تولغان كۈجۈم باغلىرى.

ئەتراپىم ئىككىنزار چىغىر يول ئىچرە،
بارىمەن قەلبىمدە ئالەمچە شاتلىق.
جۈر بولۇپ كوڭلۇمگە سايرايدۇ قۇشلار،
خۇش ناۋا سازىنى چېلىپ بىر تاتلىق.

قەدىمىم يەتكەن چاغ مەھەللەم قويىنىغا،
غول ئۇستەڭ بېشىدا بىر كىم كورۇندى.
پۇشقىغى تۇرۇلگەن مورىسىدە كەتمەن،
يېقىملىق شۇ ھالىدىن كوڭلۇم سۆيۈندى.

«دادامنىڭ تەڭتۇشى قاسىمكامغۇ بۇ؟»
يېقىنلاپ كەلدىم -دە، بايقىدىم شۇ ئان.
كورۇشتۇق، ھال ئەھۋال سوراشتۇق قىزغىن،
دىللارنى قاپلىدى ئوتلۇق ھاياجان.

دېدى ئۇ: «قاندىقچە بالام سادىقجان،
بۈگۈن ئۆز يۇرتۇڭغا يەتتى قەدىمىڭ؟
قەدىردان دوستلۇرۇڭ يازدىمۇ مەكتۇپ،
يا يۇرتۇڭ ئىشقىدا ياندىمۇ قەلبىڭ!»

دېدىمكى مەنمۇ ھەم: «تاپتىڭىز بوۋا،
يېزامدا شاتلىققا چۆمەي دەپ كەلدىم.
ھاياتنى گۈل ئەتكەن قاداق قوللارنى،
سېغىنىپ كۆزۈمگە سۈرەي دەپ كەلدىم».

شاتلىنىپ ئېيتتى ئۇ: «يېزاڭ تەرىپىن،
ئالدىدىن مەن ساڭا قىلماي ھېكايەت.
بىر كۆرۈش ئەۋزەلدۇر مىڭ ئاڭلىغاندىن،
كۆرگىن ئۆز كۆزۈڭدە قېنى مەرھەمەت!»

ئېسىمدە مۇندىن دەل ئون يىل مۇقەددەم،
نىچۇندۇر مەگزىدىن قاچقان قىزىللىق.
نىچۇندۇر دۇدۇقلاپ قىلالمايتتى سۆز،
گويا كى سەزگەندەك مەندىن خىجىللىق.

بۈگۈنچۇ؟ ئۇ ھالدىن تامام باشقىچە،
بەختىيار كۈلكىسى ئوينار چېھرىدە.
كۆڭلۈمنىڭ جامىغا شاتلىق شارابى،
تولدۇردى ئىشەنچتە ئېيتقان سۆزىدە.

مېھرىۋان بوۋاينىڭ تۇرقىدىن شۇ دەم،
تۇنجى رەت دېخاننىڭ بەختىنى سەزدىم.
گۈل يېزام كەلگىن دەپ قۇچاق ئاچقاندا،
شاتلىقتىن بىر ئەزىم دەريانى كەزدىم.

## ھەر ئۆيدە بار ئۆزگىچە بايلىق

سالام! دەپ كىرسەم گەر قايسىلا ئۆيگە،
كۆزۈمگە چېلىقتى ئۆزگىچە بايلىق.
سەزدىمكى دېخانغا بەركەت يېغىپتۇ،
نەگىمۇ يېزىدىن قاچقان گادايلىق.

قوتاندا لىق چارۋا، زاپاس ئاشلىغى،
ھە تېخى مىنىشكە ئېتىمۇ تەييار.
بىددىشىنىڭ ئاستىدا سېپىر باغلاقلىق،
ئېچىشكە قايماقلىق چېيىمۇ تەييار.

كەلسىمۇ ناتونۇش مېھمان ھەر قاچان،
دىمەستىن نە سەۋەپ كەلدىڭىز قانداق؟
بېقىنچۇ مەيزەگە دەيدۇ ساھىپخان،
(كۈتىندۇ زەپ قىزغىن ئاددىتى شۇنداق.)

گەپ ئاچار بولسىڭىز تۇرمۇش بابىدا،
دەيدۇكى بوۋايلار: «ئىش ھەم باشقىچە.
دەريخا! ئۆتكەنتۇق كورمەي بىز ئەسلا،
ھاياتنىڭ لەززىتىن مۇشۇ ياشقىچە.

مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بەرگەچ مول ھوسۇل،
ھاياتنىڭ دىلبىرى بىزگە يۈز ئاچتى.
بىر مەھەل زەرداپقا تولغان دىللاردا،
پەغانلار ئورنىغا شاتلىق ئالماشتى.

گۈللىنىش يوللىرى ئېچىلغاچ داغدام،
ئىقبالغا كەڭ قۇچاق ئاچتى يېزىمىز.
ئىشلىگەن چىشلىگەچ ئامەت بىزگە يار،
تەل بۈگۈن ھەممىسى يوقتۇر غېمىمىز!»

## ئېتىز شاتلىقى

تاڭ سەھەر زوق بىلەن چىقسام ئېتىزغا،
شەپەقنىڭ نۇرىغا چۆمگەن ھەممە ياق.

ھەر ياندىن ياڭرىغان ئەمگەك ناخشىسى،
قوزغىدى قەلبىمدە چوڭقۇر ئىشتىياق،

تەبىئەت يېشىللىق تونىنى كەيگەن،
پايانسىز ئېكىنزار يېشىل دۇنياسى.
خوش كۆلۈپ باقىدۇ بۇندا ئىشچانغا،
مېھنەتكار ئاشىغى-ئېتىز رەناسى.

گوياكى جىمى يۇرت كوچۇپ چىققاندەك،
قىزدىغان بۇندا جەڭ، جۇشقۇن كەيپىيات.
قولى گۈل مەردانلار جاسارىتىدىن،
يەر-زېمىن لەرزىگە چۈمۈپتۇ ھەيھات!

زوق قوزغاپ قىزلارنىڭ زىلۋا چېچىدەك،
يەلپىنسە قوناقلار پۆپكى مۇندا.
مول ھوسۇل تويىدىن بىرىپتۇ بەلگە،
ئوخشىغان زىغىرلار چېچەكى مۇندا.

پولات چىش ساپاننى تۇتقان قوشچىلار،
ئەنە يەر باغرىنى تىلغاپ كېلىدۇ.
پاختىزار ئىچىدە موما يىلار خۇشال،
ئېتەكنى تولدۇرۇپ يايراپ كېلىدۇ.

مويسىپىت بوۋايلار قولىدا كۈرجەك،
چەشلەيدۇ ئالتۇن رەڭ داننى خامىندا.
كېلىنچەك شاتلىقتىن ياڭرىتار ناخشا،
تاغارلار لىپمۇ-لىپ ئاشقا تولغاندا.

تاڭ قالدىم قەلبىمنى رام قىلدى شۇتاپ،
ئېتىزنىڭ قايىنىمى، ئەمگەك شاتلىغى.
دېدىمكى: مېھنەتنى يار تۇتقان ئەرگە،
تېپىلماس ھاياتنىڭ مۇندىن تاتلىغى،

## قايناق بازار

دوڭ كوۋرۈك ئالدىدا ئادەملەر مىغمىغ،
ئەل بۈگۈن بۇ جاينى بازار دەيدىكەن.
جىمىكى مولچىلىق مۇجەسسەم مۇندا،
ئاشقىمەن دىللارغا زوق ئەيلەيدىكەن.

سامساپەز، ناۋايلار تىزدىلغان رەت-رەت،
تەل يەنە ساماۋار كەۋسىرى ئۇندا.
باققاللار ئالدىدا ھەرخىل يېمىشلەر،
ئەسلىتەر گوياكى بېھىشنى دىلدا.

تاي-تايلاپ كەزماللار يېيىلغان قاتار،
رەڭ-تۈرى شۇنچە كوپ سودىسى قايناق.

مەجنۇن تال ئاستىدا ياشلار بەزمىسى،
ئاڭلىنار تەمبۇرنىڭ ناۋاسى ياڭراق.

جان تاپقان بۇندا ھەم قەدىمى مەشرەپ،
ناغرىنىڭ ساداسى ياڭرار پەلەككە.
بۇندىكى جىلۋىلىك پىقىراشلاردىن،
تۇتىشار يىگىتچە ئوتلار يۈرەككە.

ئىپتىخار ئىلكىدە سۆيۈندى كوڭلۇم،
بۇ قايناق بازارغا بولدۇم چىن ئىجىل.
بۇندا ھەم دېخانغا شەھەر نە ھاجەت،
بۈگۈن گۈل يېزامدىن شەھەرمۇ خىجىل.

## خاتىمە

ھوسۇللۇق يىللارنىڭ باش كۆز ئايلىرى،
ئانجان يۇرتۇمنى قىلدىم ساياھەت.

ئۇرغۇتۇپ پەخرىمنى سالدى ھەيرەتكە،
بۇندا خوپ ئۆزگۈرۈش، يېڭى كارامەت.

پاھ! بۈگۈن يېزامدا ياڭرار ھەر تامان،
بىر ئوتلۇق خور كەبى مېھنەت نەغمىسى.
ياڭرايدۇ قەلبى شات كۈلگەن دىخانىنىڭ،
زامانغا تەشەككۈر، كۆي قەسىدىسى.

شۇ ياڭراق ناخشىدا مۇجەسسەم سانسىز،
ئوت يۈرەك ئىشچانىنىڭ يۇرتقا سۆيگىسى.
لايىقتۇر يەنىمۇ يېڭى داستانغا،
تەسەۋۋۇر يۈرگۈزسەم يۇرتۇم كەلگۈسى.

گۈل يېزام گۈلباغىنى كۆرگەچ بۈگۈن مەن،
تۇرىمەن بىھېساپ گۈللەر ئىچىدە.
ئوڭ قولۇم كوكسىمدە دىدىم جان ئانا!
ھۆرمىتىڭ ئەبەدكە قەلبىم تۆرىدە.

# ئىككى غەزەل

غوپۇر راخمان

## يېزامنىڭ بىر گۈلى دەيمۇ

سېنى ئىشچان چىۋەر قىزچاق يېزامنىڭ بىر گۈلى دەيمۇ؟
كوكۆلنى ئەيلىگەن مەپتۇن چىمەننىڭ بۇلبۇلى دەيمۇ؟
ھەمىشە ئالدىدا سەپنىڭ ماڭارسەن توختىماي قىلچە،
يېڭى ئۆزۈن سەپەرنىڭ كاڭ قاناتلىق دۇلدۇلى دەيمۇ؟
جاپالىق مېھنىتىڭ بىرلە گۈلۈستان ئەيلىدىڭ چۆلنى،
ئىپاردەك خۇشپۇراق چاچقان يېڭى باغ سۇمبۇلى دەيمۇ؟
غەزەل-ناخشاڭ بىلەن شۇنچە سۆيۈندى بەختىيار خەلقىم،
بۈيۈك سەنئەت بېغىمنىڭ ساز، مۇقامى - مەرغۇلى دەيمۇ؟
ئەدەپ - ئەخلاق، پەزىلەتتە گوياكى چاقنىغان زەرسەن،
گۈزەل بوستانە يۇرتۇمنىڭ چىراغى-مەشئىلى دەيمۇ؟
ئۆگەندىڭ ئىزدىنىپ ھارماي ۋەتەننىڭ بەختىنى كوزلەپ،
بىلىمگە ئاشىنا ئوتلۇق يۈرىكى ھەم دىلى دەيمۇ؟
قۇتۇلماس زادى ھېچبىر ئىش سېنىڭدىن ئەي باھادىر قىز،
يارالغان ئەل ئۈچۈن كەشتە چىكىشكە جۈپ قولى دەيمۇ؟
سېنىڭ ئىش - ئىزلىرىڭ كۆرمىڭ يۈرەكنىڭ تارىنى چەكتى،
شۇڭا مەندەك يىگىتنىڭلا ئۆمۈرلۈك جۈپ - خېلى دەيمۇ؟

## ئۆرگىلەي

كۆكسى قىزى جاسارەت غەيرىتىڭدىن ئۆرگىلەي،
چوللى گۈلشەن ئەيلىگەن مېھنىتىڭدىن ئۆرگىلەي.
چولپان بىلەن بەسلىشىپ، بەيگىلەردە ھەر قاچان،
يىگىتلەردىن قالمىغان جۈرئىتىڭدىن ئۆرگىلەي.
جاراڭلىتىپ ناخشاڭنى كەڭ ئېتىزنىڭ قوينىدا،
دىلغا ئىلھام - زوق بەرگەن ھىممىتىڭدىن ئۆرگىلەي.
باغۋەن بولۇپ گۈل تېرىپ خۇشبۇي پۇراق تارقاتقان،
ئىشتا پىشقان شۇ چېۋەر قوللىرىڭدىن ئۆرگىلەي.
كۆكسىمىزنىڭ ئىشىغا چىن مۇھەببەت باغلىغان،
ئەل ئىشىغا كۆيۈمچان خىسلىتىڭدىن ئۆرگىلەي.
دوستقا ھەردەم مېھرىبان، رەقىبلەرگە نەيزە ئوق،
خەلقىمىزگە چىن سادىق يۈرىكىڭدىن ئۆرگىلەي.
پارتىيەمنىڭ سۆزىنى تىڭشاپ مەھكەم يۈرەككە،
ياققان پارلاق ئەتىگە كۆزلىرىڭدىن ئۆرگىلەي.
يېڭىپ تاغدەك مۇشكۇلنى شەرەپ بىلەن گۈل قىسقان،
داستان بولغان تىللاردا ئىش - ئىزىڭدىن ئۆرگىلەي.
ئۇستاز تۇتۇپ مەن سېنى كەڭ ئېتىزنىڭ قوينىدا،
دىلنى خۇرسەن ئەيلىگەن ئىشلىرىڭدىن ئۆرگىلەي.

## ئىككى غەزەل

مۇختەر سۇپۇرگى

### كۆيۈپ كەلدىم

قوبۇل قىلغىن مېنى پاك قىز ساڭا دىلدىن كۆيۈپ كەلدىم،
ياراشقان گۈل بويۇڭنى جەڭ - چېلىش ئىچرە كۆرۈپ كەلدىم.
بولۇپ پەرۋانىسى خەلقىم ئىشىنىڭ ئالغا ئۆرلەپسەن،
ساڭا ھەمكار بولاي دەپ بۇ بىلەكنى چىڭ تۇرۇپ كەلدىم.

تۈزۈلگەن بۇ يېڭى سەپتە بولۇپسەن ئەلگە يولباشچى،
ئەشۇ سەپلەر ئارا مەنمۇ غولاچ تاشلاپ ئۈزۈپ كەلدىم.
پۈكۈپ دىلغا ۋەتەن ئەھدىن «پىداكار» نامىنى ئاپسەن،
پىداكارلىق بۈيۈك روھنى يۈرەك ـ دىلغا پۈكۈپ كەلدىم.
دىلىمدا ئەل سۆيەر ئارزۇ ياناركەن كېچىيۇ ـ كۈندۈز،
ئەشۇ ئوتتا كۆيۈپ مەنمۇ شۇ خىسلەتنى سۆيۈپ كەلدىم.
قاقاس چۆلنى قىلىپسەن گۈل پىشانە تەرلىرىڭ بىرلە،
چوكۇپ مەنمۇ ئىلىم دەرياسىغا ئۈنچە سۈزۈپ كەلدىم.
بىلىپ قالغىن ساڭا ھەمرا بولۇپ قالسام بەختلىكمەن،
يەنە دەيمەن گۈزەل ئەخلاق، خۇيۇڭغا چىن كۆيۈپ كەلدىم.

## دېخان

بۈيۈك ئەجرىڭ بىلەن قىلدىڭ دىلىمنى مەھلىيا دېخان،
چىنار دەيمەن سېنىڭ مەزمۇت بويۇڭنى مەن گويا دېخان.
قىلارسەن گۈل، قۇلۇڭ بىرلە پايانسىز دەشتى چۆللەرنى،
دىلىمدىن ياڭرىتىپ ئەمگەك چېغىدا خۇشناۋا دېخان.
كى بىلمەيسەن خىيانەتنى دىلىڭ ساددا، ئۆزەڭ ئاددى،
لېكىن چۆللەرگە گۈل چەككەن شۇ ئەجرىڭ بىباھا دېخان.
مەگەر ئايرىلسا ئەل ناندىن ۋاقىتسىز ئۆلىمگى بەر ھەق،
سېنىڭ تۆھپەڭ بولۇپ كەلدى جىمىگە باشپانا دېخان.
جاھاننى نەچچە كەزسەممۇ سېنىڭ تۆھپەڭچە ھىكمەت يوق،
ئۇلۇغ سەن بۇ جاھان ئىچرە جىمى ئىنسان ئارا دېخان.
ساڭا ياتتۇر كىبىر ـ چوڭلۇق، تالاشمايسەن ھوقۇق، ئابروي،
دىلىڭ ئاق يوقكى كىر ـ ئىللەت، كۆمۈشتەك تاپ ـ تازا، دېخان.
چىقاردى پارتىيەم ئادىل سىياسەتنى سېنى كوزلەپ،
بىھاجەت ئەمدى قايغۇرماق بېيىپ ئالغىن راسا دېخان.

## يېزىق ھەققىدە مۇخەممەس

ئابدىرېھىم مەھەممەت

قەلەم ئالدىم يازاي دەپ مەن يېزىق شەنىگە نەزمەمنى،
ئىشىم ئەپلەشمىسە قانداق قىلاي دەپ كۆپ يېدىم غەمنى،

ئېتىشتىم نەچچە تۈن، قىممەت بىلىپ ئۆلدىكى بىر دەمنى،
بۈگۈن كەلگەچكە ئىلھام قىز، ئارا قىلماققا ۋەدەمنى،
يېزىق تەرىپىنى كۈيلەپ بايان قىلدىم قەسىدەمنى.

يېزىقنىڭ توھپىسى كۆپتۇر ئەسىرلەردىن بۇيان بىزگە،
ئۇلۇغ «دىۋان» بىلەن بولدى بۇ توھپە چىن ئايان بىزگە،
«قۇتاتقۇبىلىگ» ئاتاقلىدى شەرەپلىك ياخشى نام بىزگە،
كۆرۈپ غەزىنىنى ① قايىل جاھان خەلقى ھامان بىزگە،
شۇڭا ھەرگەز بوشاتمايمەن يېزىققا چىن ئەقىدەمنى.

«مويۇنچۇر»، «كۆلتېگىن» لەرمۇ يېزىق بىرلە ئويۇلغاندۇر،
ئۇلۇق ئەجداتىمىزدىن تاش پۈتۈكلەر بىزگە قالغاندۇر،
شۇ تاش ئويما ئەسەر بىرلە قەدىم تارىخ تونۇلغاندۇر،
ئەسەرنىڭ تەسۋىرى جانكى، يېزىق بىر گەۋدە بولغاندۇر،
تېتىيمەن شۇ يېزىق بىرلە مىراسىمدىن شېرىن تەمنى.

ئاتايى قەلىمى بىر قۇش، ئاڭا يېزىق قانات بولغان،
پۈتۈپ قەغەزگە «خەمسە» نى ناۋايى كۆڭلى شات بولغان،
زەلىلىنىڭ ئىجادىغا يېزىق بەيگىدە ئات بولغان،
دېمەك ئاددى يېزىق بىرلە تۈمەن داستان ئىجات بولغان،
كۆرۈپ خۇرسەن بولۇپ كۈلدۈم يېزىقتىن شۇ غەزىنەمنى.

كى ئىنسان مەنىۋى تۇرمۇشىدا ئەۋزەل يېزىق ناندىن،
نە نانكى، لاپ ئەمەس ئەۋزەل دېسەم گەر ئۇ ئېزىز جاندىن،
ئىجات قىلغان ئۇنى خەلقىم يۈرەكتە ئۇرغىغان قاندىن،
يېزىقنى بىلسە گەر ئەما گويا كۆزى كۆرەر ئاندىن،
ئۇ سۇلتان قىلغۇسى جەزمەن ئىلىم تەختىدىن قەۋرەمنى.

## تۇتساڭ ئەگەر گۈلدەستە

(ناخشا تېكىستى)

مۇمىن سەپىرى

ئاڭلاپ سېنىڭ داڭقىڭنى،
ئىزلەپ كەلدىم تاغ ئارا.

كۆردۈم سېنى گويا گۈل،
ئېتىز ئارا، باغ ئارا.

① ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات غەزىنىسى كۆزدە تۇتۇلدى.

قەھرىمانلىق ئىش - ئىزىلى،
مەڭگۈلۈك قىلدى قەلبىمنى.
ئۆلگە ئېلىپ مەن سەندىن،
رازى قىلاي خەلقىمنى.

بەسلىشەيلى كەل دىلبەر،
يۈكسەكلىككە ئۆرلەشتە.
ئورۇنلايمەن شەرتىڭنى،
تۇتسالڭ ئەگەر گۈلدەستە.

## يارىم ماڭا ۋاپادار

(قىز ناخشىسى)

تۇنىياز قادىر

يەر قارايدۇ ئاسمانغا،
ئاسمان يەرگە قارايدۇ.
مېنىڭ ئىشچان يىگىتىم،
كۆڭلۈمگە بەك يارايدۇ.

سۇ باشلىدىم بېغىمغا،
قېنىپ ئىچسۇن تېلىم دەپ.
يارىمۇ مېنى ماختايدۇ،
مېھنەت سۆيگەن خىلىم دەپ.

دۇتتارنىڭ زىل تارى بار،
بۇلبۇلنىڭ گۈل يارى بار.
بەختلىك مەن ئۆمۈرلۈك،
يارىم ماڭا ۋاپادار.

## مېھىر ۋە ئەقىدە

ئابلەت ئىسرايىل

دىللارنى كۆلدۈرۈپ، زېھنىنى ئىچىپ،
فونتاندەك ئۇرغۇيدۇ شەربەتلىك بۇلاق.
ياشنايدۇ چاڭقىغان دەمدە قېنىشىپ،
شۇ بۇلاق سۆيىدىن گۈل ۋە يوپۇرماق.

قۇرىماق بولسا گەر ئۇشبۇ ئالەمدە،
قۇرۇيدۇ توختىماس شۇ قايناق بۇلاق.
سارغىيىپ توكۈلەر يوپۇرماقمۇ ھەم،
زىمىستان بورىنىدا ئۇچۇشۇپ ھەرياق.

ۋەلېكىن قۇرىماس ئەبىدىل ئەبەت،
خەلققە ئاققان چىن مېھىر بۇلىقى.
سولمايدۇ قەلبلەر قېتىدا ھەمدە،
خەلق دەپ ئېچىلغان ئەقىدە گۈلى.

## ۋەتەن ئىشقى

خان ئايىم ياقۇپ (ئۆزبېك)

قىزىل گۈل ۋەسلىگە يەتكەندە بۇلبۇل،
سايرايدۇ چاقىلداپ سۆيۈنۈپ شۇنچە.
مەنمۇ ھەم سايرايمەن ۋەتەن ئىشقىدا،
ۋەتەننى يار بېلىپ كۆيۈنۈپ شۇنچە.

ۋەتەندىن قالسام گەر بىر كۈن ئايرىلىپ،
سېزىمەن تومۇرۇم ئارا قان يوقتەك.
سېزىمەن ئۆزۈمنى گوردە تۇرغاندەك،
سېزىمەن گويا بۇ تەندە جان يوقتەك.

ۋەتىنىم گوياكى چىرايلىق بىر گۈل،
مەن ئۇنىڭ ئىشقىغا شەيدا بۇلبۇلى.
ئايرىلسا گەر بۇلبۇل گۈلىنىڭ ۋەسلىدىن،
ئېيتقىنا تېنىدە بولامدۇ جېنى؟!

ئېھ ئۇلۇق گۈل ۋەتەن، ئانىجان ۋەتەن،
يالقۇنجار قەلبىمدە ساڭا مۇھەببەت.
بولغاچقا يۈرۈكۈم ۋەسلىڭگە تۇتاش،
ئۆزۈمنى بەختىيار سېزىمەن ئەبەت.

***

## تامام ئەمگەكچى باي بولدى

سۇلايمان ھېزىم

زامانىم ئوڭشۇلۇپ قايتا تامام ئەمگەكچى باي بولدى،
جىمى ئۆيدە باياشاتلىق، قازان - چۆمۈچى ماي بولدى.
بۈگۈن ھەممە يېزا - قىشلاق چۈمۈپ كەتتى خوشاللىققا،
قىزىپ كەتتى يېڭى مەشرەپ دىخانغا «هايۇ - هاي» بولدى.
بۇرۇن ماڭساق ئۇزۇن يولغا مىنىشكە يوق ئىدى تەخەي،
كورۈڭكى، ئەمدى ئات تەييار، چىقىشقا بولكىۋاي بولدى.
ئىچەتتۇق ھەر كۈنى داغ سۇ، ئاڭا توگرۇپ كېپەك زاغرا،
بۈگۈن يەيمىز پولۇ، مانتۇ، شېكەر - ناۋاتلار چاي بولدى.
ماكانىمۇ شۇنچە تار بىزگە تۇراتتۇق زەيدىگەن ئۆيدە،
مانا سالدۇق يېڭىچە ئۆي تۇرۇشقا كەڭرى جاي بولدى.
بۇرۇن ھەر ئاخشىمى ئۆيلەر تولۇپ كىتەر ئىدى ئىسقا،
بۈگۈن يۈرۈپ ئېلېكتىرلەر، جىمىكى ئۆيدە «ئاي» بولدى.
بۇرۇن قاخشال بولۇپ باغلارىيىمىشكە يوق ئىدى جىگدە،
بۈگۈن باغدا پېشىپ مېۋە تولۇپ شەربەتكە مەي بولدى.
بىرەر ھەپتە نوۋەت كۈتمەي ئالالمايتتۇق دۇكاندىن چىت،
قاراڭ ئەمدى ئېسىل رەخلەر، كىيىنىشكە سەرۇپاي بولدى.
شۇڭا رازى بۈگۈن خەلقىم يېڭى پەرمان - سىياسەتتىن،
جىمى جاي چومدى شاتلىققا، يېزامدا بەزمە - توي بولدى.




ئىبراھىم قۇربان

## يەتتىنچى باپ

نەچچە كويگەي بۇ يانار ئوتقا زەئىپ جانىم مېنىڭ،
قالمادى سەبىر ئېتكەلى، بىر زەررە ئىمكانىم مېنىڭ.

لۇتپى

1

ئۇچتۇرپاننىڭ ھەر يانىدا تاغلىغى بار،
ئاق لىباستىن باشىدا ياغلىغى بار.
ھەيرانىدۇر نا تونۇش كورسە ئەگەر،
توشقان دەريا گويا بىر كۆمۈش كەمەر.
چىقسا شامال ئەركىلەر ئورمانلىرى،
سىنەم تارتار تال چىۋىق بوستانلىرى.
شەھەر ئىچى رەتمۇ - رەت تىرەكلىكتۇر،
تىرەك تۈۋى گۈل ئۈنگەن چونەكلىكتۇر.
بۇ ماكانغا ياراشقان بۇ گۈل شەھەر،
تۇت تەرەپتە سىپىلى ئاندىن بەتەر.
سۇتتەك ئايدىڭ ئاخشىمى كۆز يەسلىدە،
شۇ ئىرلاشقان ئىككى باش كىم ئەسلىدە.
قولاق سىلىپ كىيالار جىمجىت تۇرار،
بۇندا ئەقلىم شۇ تاپتا رەيھان پۇرار.
ئىچىۋىتىپ تولۇن ئاي يۈزلەردىنى،
ئاڭلاپ تۇردى ئاشىقلار سوزلەردىنى.
بولسا ئىدى شۇ ئاينىڭ ئۈن ئالغۇسى،
ھەم بولمىسا شۇ پەيتتە توسالغۇسى.
" رەيھانمۇ سىز، لەيلىمۇ سىز ماڭسا گۈلۈم،
پەرىزاتنىڭ سەردارى سىز بۇلبۇلۇم.
ئىشقىڭىزدا كوپ بولدى مەن كويگىلى،
ئاللا نىسىپ قىلارمۇ بىر سۆيگىلى.
يارەي - يارەي ئا يارەي،
ئوتۇڭ ئەجەپ يامانەي.
مىرادىمغا يېتەلمەي،
بولدى رەڭگىم سامانەي.
يارەي - يارەي ئا يارەي،
دوزاق ئەلگە جاھانەي،

كېلەمدىكەن خەلقىمگە،
بۇندىن يامان زامانەي؟...»
داۋام ئېتەر قاسىمجان نەزمىسىنى،
باشلىۋەتتى يۇلتۇزلار بەزمىسىنى.
چىقتى سادا مايىسخان لەۋلىرىدىن،
ئايمۇ شۇندا توختىدى سەپىرىدىن.
ئەجەپ كويدۇم قاسىمجان بەستىڭىزگە،
مىسال شەمشاد سۆيۈملۈك قەددىڭىزگە.
ئۇرگۈلۈپ ھەم چۆرگۈلۈپ كېتەلمەيمەن،
سىزنى سۆيمەي ئارزۇغا يېتەلمەيمەن.
مەن كورمىدىم سىز كەبى پەلۋان يىگىت،
يۈزى ئايدەك كوزلىرى چولپان يىگىت.
راستى دىسەم جىسمىڭىز گۈلخان يىگىت،
پەقەت جېنىم سىز ئۈچۈن قۇربان يىگىت.
گۈل چىرايىم سارغايدى،
ئىشقىڭنىڭ بالاسىدا.
ئاتايمۇ سېنى يارىم،
كوزۈمنىڭ قاراسىدا.
جانانىم سەن، جانىم سەن،
بېغىمدا گۈلزارىمسەن.
مېھرى ئىسسىق ماگىمدەك،
كوڭلۈم سۆيگەن يارىمسەن...
مۇنداق سوھبەت بولغاندۇر نەچچە كېچە،
گاھى كۈنى ھەتتاكى تاڭ ئاتقىچە.
ئىككى گەۋدە شۇ تاپتا بەكمۇ يېقىن،
سۆيگۈ مېھرى شۇ تاپتا بولدى ئېقىن.
ئەمەل قىلدى ياش بەگلەر ۋەسىيەتكە،
سۇ سەپمىدى شۇ قىزغىن مۇھەببەتكە.
گىرەلەشتى نەچچە رەت بارماقلىرى،
ئازمۇ قالدى سۆيگىنىڭ بالداقلىرى.
يىلمۇ تولسا شۇ تورەم ۋاپاتىغا،
يېتەر ئىدى ئاشىقلار مۇرادىغا.
لېكىن خەلق تېخىچە مۇسىبەتتە،
تورەم قاراپ تۇرغاندەك ئاخىرەتتە.
ئىككى ئاشىق كۆللۈكتىن بولدى غايىپ،
چاچار ئىدى تولۇن ئاي نۇر ئاجايىپ.
شۇنچە ئۇزۇن تۈيۈلار كۈنلەر دىگەن،
ئاندىن بەتتەر ئۇزۇندۇر تۈنلەر دىگەن.
نىمە كۈن، ئۇ نىمە تۈن ئۇزاق بولغان؟
ھەر ئىككىسى بەرىبىر دوزاق بولغان!
دوزاق دىسەم كىتاپخان بولما ھەيران،
ئەلى تورەم ئوتكەندە ئولمۇ ۋەيران.
كەڭچىلىكنىڭ زامانى كېتىپ قالدى،
پارىخورنىڭ زامانى يېتىپ قالدى.
جۇڭغارىيە قولىغا ئوتكەن زامان،
قۇللۇقنىمۇ قوللانغان مەنچىڭ ھامان.
ئەلنى قويدى ئەۋەل باش ئىختىيارىغا،
تۈلكۈلۈك قىلىپ ئالغان بوپ ئېتىبارغا.
ۋەزىر قىلغان سۇچىڭنى ئۈچتۇرپانغا،
ياراپ قالدى بۇ كىشى ئەلخانىغا.
قۇۋلۇقنى تورەممۇ ھېچ بىلمىدى،
لېكىن سۇچىڭ تورەمسىز ئىش قىلمىدى.
ئەمەل قىلدى ھەر قاچان ۋەدىسىگە،
كوڭۈل بولدى جامائەت قەدىسىگە.
تورەم دىسە ئاغزىدىن ئاقتى شايلى،
تورەم باشتۇر، ئۇ پەقەت ئاتىنىڭ يايلى.
مەرھۇم تۈگەپ كەتكەندە ياشمۇ توكتى،
ئەل بىلەن تەڭ ئەل بولۇپ، غەمگە چوكتى.
ئىگە بولدى جامائەت ھورمىتىگە،
يېزىپ تۇردى ئەھۋالنى ئىچكىرىگە.
ھېچكىم بىلمەس تۈلكىنىڭ ھىلىسىنى،
كىيىۋالغان بىر قوينىڭ تېرىسىنى.
ئەمما پەيتنى ھەر مىنۇت كۈتۈپ تۇردى،
پىلانىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇردى.
ياش بەگلەرمۇ چىقمىدى سوزلىرىدىن،
موتىۋەر دەپ ۋە بەلكى ئۆزلىرىدىن.
چىقاردى ئۇ ئاخىرى مۈڭگۈزىنى،
ئەينى دوراپ بايان توڭگۈزىنى.
ئىسكەنجىنى بىر - بىرلەپ قۇرۇپ تۇردى،
بايلىقنى بۇ يۇرتنىڭ سۈزۈپ تۇردى.

شۇنداق چاغدا مىڭرۇيىنىڭ خېتى كەلدى،
يەرلىك بەگكە ئابدۇللا ئېتى كەلدى.
ئىشەنچلىكمىش بۇ كىشى ھوكۇمەتكە،
ھەم ئېتارمىش ھەر قانچە جامائەتكە.

2

بولمىسمۇ بۇ يۇرتتا ھېيت - بايرام،
شەھەر ئىچى شۇ تاپتا ئەجەپ قاينام.
گۈمبۈرلىگەن نىمە ئۇ گۈم - گۈم قىلىپ،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىنى غەمگە سېلىپ.
كەلگۈدەكمىش باش بولۇپ ئالىم كىشى،
دىن جەھەتتە يېتىشكەن قارىم كىشى.
قۇرۇپ يالغۇز ئۇرۇككە بارگاھىنى،
شەھەر خەلقى كۈتەرمىش ئۇ قارىنى.
بىردەمدىلا تارالدى راۋايەتلەر،
سەپ - سەپ بولدى زەپ ھەيۋەت جامائەتلەر.
چىغىر يولمۇ ئۇ زامان ئەگرى - دوناي،
ياڭراپ كەتتى داپ-دۇمباق،ناغرا-سۇناي.
ئەمەلدارلار ئاتلانغان سەپتە قاتار،
بەزى بىرلەر خۇشاللىقتىن چالغان دۇتار.
يىگىت - قىزلار ساماغا پىلدىرلىشىپ،
سۇلغۇن ماڭغان مەيمۇ جىلدىرلىشىپ.
نەيىنى چالغان بىر ياندا قاسىمجانمۇ،
ئويناپ كەتتى ئاجايىپ مايسىخانمۇ.
بۇگۈن سۇچىلىك زەپ خۇشال سەپ باشىدا،
ئەسمەتۇل ھەم رەھمەتۇل بار قاشىدا.
چۇشتىن بۇرۇن مولچەرگە باردى يېتىپ،
بەزىلەردە ھەم قالدى دەرمان كېتىپ.
بۇندا باردۇر ئاجايىپ سوگەت بوستان،
سايىسىدا كورۇنمەس ھەتتا ئاسمان.
زىلچە گىلەم سېلىنغان كىگىز ئۈستى،
بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئۇنىڭ ھوسنى.
چىرىكلەرمۇ ساقلىدى ئامانلىقنى،
بۇ جامائەت قىلمايتتى يامانلىقنى.
دۇكان تۈزدى بىردەمدە ئاشپۇزۇللار،
پۇتىپ كەتتى ھەممە ئىش قولمۇ - قوللار.

خەۋەر ئۇچۇن ئاتلاندى ئىككى دوغا،
بىرىدىنمۇ - بىرىنىڭ ئېتى يورغا.
ئىلغىش دوڭگە كىلىپتۇ مېھمان كىشى،
نىمە مېھمان شۇ يۇرتنىڭ بولۇر بېشى.
چاڭ توزۇتۇپ كىلەرمىش ھەيۋەت بىلەن،
ئابدۇللا بەگ ھەممىدىن ھورمەت بىلەن.
ئۇڭ يېنىدا يۈز نەۋكەر ياللار ئىمىش،
سول يېنىغا يۈز نەۋكەر قالار ئىمىش.
ھەم كىلەرمىش بەتلىشىپ ئوقيارنى،
بەزى بىرلەر چالارمىش ئوقىيارنى.
كوپىنچىسى مىنگەنمىش يوغان ئاتقا،
باش ئىگەرمىش شۇ بو ئاتقا.
پۇتى كويگەن توخۇدەك سۇ چىلىك شۇ تاپ،
ۋالاقلىدى تۇڭچىغا ھەم پۇشۇلداپ.
قانچە قوينىڭ گوشلىرى پىشاي دىدى،
قازانلارمۇ ۋاراخلاپ تاشاي دىدى.
كورۇنگەندە شۇ توپنىڭ قاراسىمۇ،
ئاڭلانغاندا باشقىچە ناۋاسىمۇ.
بوش كەلمىدى بۇ يەرلىك غەزەلخانلار،
پۇراپ كەتتى مىزىلىك كاۋاپدانلار.
ئېشىلمەكتە لەگمەنلەر تارى - تارى،
مېھمان ئۇچۇن قىلىندى بارچە چارى.
ھۇنەرۋەنلەر بۇ جايدا زەپ زىل ئىدى،
تاماقتىكى ھۇنىرى مىڭ خىل ئىدى.
چۇشۇپ كەتتى مەشرەپكە قانچە كىشى،
بەسلەشكەنمۇ ئەر - ئايال،قېرى - يېشى.
داپ بىلەن تەڭ نەغمىدە بارماقلىرى،
پاھ - پاھ قاراڭ قاشىنىڭ ئويناقلىرى.
سەنەم دىگەن بۇ يەردىن تارالغانمۇ،
شۇ بۇ خەلق سەنەمگە يارالغانمۇ.
يېتىپ كەلدى مېھمانلار بارگاھىغا،
تولۇپ كەتتى بۇ سەينا باركاللىغا.
نە خۇشاللىق كورمەنەر شۇ قارىدا،
مىڭ دوزاقنىڭ تەپتى بار چىرايىدا.
چۇشتى قارى مەيدىن چۈمۈپ تەرگە،

تەگدى شۇئان سۆچىڭنىڭ بېشى يەرگە.
خۇشامەت قىلىپ ئارقىدىن قول باغلىدى،
لېكىن قارى بۇلارنى سەل چاغلىدى.
كىم بىلگۈلۈك مەقسىدى تا ئاممىكىن،
ئاندىن كىمىتى ئازغىنە كالامىكىن؟
ئوڭ يېنىدىن يولىگەن مەسلىھەتچىسى،
سول يېنىدىن يولىگەن خىزمەتچىسى.
قوغۇن - تاۋۇز كەلىندى لىگەن - لىگەن،
پەتنۇسلاردا سۇنىلار سىنچاي دېگەن.
ئۇسسۇزلۇققا قېنىشتى ئاتارمەنلەر،
يېتىپ كەلگەن قومۇلدىن چاپارمەنلەر.
ئەسسىتۇللا ئىنىسى رەخمىتۇل ھەم،
چىراي ئاچماي سىر بىلەن تۇردى شۇ دەم.
نېرى ئىدى بۇ بەگلەر خوشامەتتىن،
ئابروي تاپقان بۇ يۇرتتا ئادالەتتىن.
بىراق سۆچىنىڭ شۇ تاپتا پەرۋانىدۇر،
ئابدۇللانىڭ ئالدىدا ئاۋارىدۇر.
ئابدۇللا بەگ ئاغزىنى ئۇيان ئاچار،
يالماپ بولۇپ ئارقىدىن بۇيان ئاچار.
كۆتۈلگەندۇر مېھمانلا يۈز قوي سويۇپ،
كۆپتەك بولدى قوسىغى شۇنداق تويۇپ.
چالا غاجاپ بەزىسى تاشلىۋەتتى،
ۋە بەزىسى تاۋىكانى باشلىۋەتتى.
ئۇخلىمىدى، جاماھەت يېقىپ گۈلخان،
بولۇت ئىچرە كورۇنمەس ئايۇ - چولپان.
داش قازاندەك قارايغان كوكنىڭ يۈزى،
مېھمانلارنى قالدىمۇ كورمەي كوزى.

× × × ×

ساقى سۇنغىن ئاچچىغراق مەيلىرىڭنى،
يەنە كەلتۇر ئاز - تولا سەيلىرىڭنى.
شۇبۇ يۇرتقا بەگ كەلدى بالا كەلدى،
كوڭلى گويا موردەك قارا كەلدى.
ئىچسەم - ئىچەي دىلىمنىڭ غەشلىكىدىن،
لېكىن ساخلان پېقىرنىڭ مەسلىكىدىن.
كوپرەك سۇنغىن مۇھەببەت شارابىنى،
بۇندىن تاپاي ئاشىقلار ساۋابىنى.

## سەككىزىنچى باپ

ئۇلۇغنىڭ جەۋرى كەلدى، قېچىڭلار باغۇ-بوستانغا،
قېچىپ قۇتۇلغىلى بولماس تاماشا قىل گۇلۇستانغا.
خەلق قوشاقلىرىدىن

1

ئەيلەي بايان ئابدۇللا قىلمىشىنى،
سىزدىپ بولدى جاماھەت بۇ كىشىنى.
داش قازاندەك بېشىدا سەللە يوغان،
سەللە يوغان ۋە لېكىن يوقتۇ ئىمان.
ئىگە بولماي جاماھەت ھورمىتىگە،
دەرھال كىردى بىر قوينىڭ سۇرىتىگە.
ئابدۇللا باش، شۇ كۈندە سۆچىڭ بىسويۇن،
ئاستا-ئاستا چىقارادى تەتۇر قويۇن.
ئېلىپ كەلگەچ يۈزلىگەن يان تاياقنى،
تىزگىنلىدى پەم بىلەن ھەرقايانى.
بەزى بەگنى ئاستى ئۇ پىقىردىتىپ،
بەزىسىنى ئۇردى ھەم چىقىرتىپ.
ئېپ تاشلىدى ئەملىنى بەزىسىدىن،
قىسمەنلەرنىڭ ئالدى ھەم ۋەدىسىنى.
كۆچەيتىشتۇر ئالۋاڭنى بۇندا مەقسەت،
ھەم سېلىشتۇر خەلققە قايتا كۈلپەت.
تەتۇرىگە بۇرالدى پەلەك چاقى،
ھەم كوپەيدى كۈنسېرى ھەم تاۋاقى.
بۇندا يوقتۇر ئالۋاڭنىڭ مىسال سانى،

كېچىپ ماگدى خالايىق مىلق بالانى،
ئابدۇللانىڭ ئەللىكتە ئىدى ياشى،
قۇمۇل ۋاگى يۇسۇپنىڭ قېرىنداشى.
راستىن يۇسۇپ چەنلۇگغا سېتىلغاندۇر،
يوق غۇرۇرى يۇزدە يۇز قېتىلغاندۇر.
شىنجاڭ ئىچى مىڭ رۇيدىن قالغىنىدا،
مەنسەپ ئىدى بۇ قانخور ئالقىنىدا.
كەلتۇرگەچكە چەنلۇڭخان ئىشەنچىنى،
خالىغانچە يوتكىدى ئىسكەنجىنى.
مىسال قىلۇر پۇتۇنلەي قۇمۇل خەلقى،
زۇلۇم بىلەن خاراپتۇر ئۇنىڭ ئەركى.
ئىشىۋەردى ھەددىدىن يۇسۇپ چوشقا،
قارا قولنى ھەمسوزدى تۇشمۇ-تۇشقا.
شۇگا كەلگەن ئابدۇللا ئۇچتۇرپانغا،
بولۇپ ئاشىق شۇ گۇزەل گۇلۇستانغا.
شورىماقچى بۇ يۇرتنىڭ بايلىغىنى،
ۋەيران قىلىپ ئۇچتۇرپان ئايمىغىنى.
ھەر تەرەپتە قاتمۇ-قات تاغلار تۇرسا،
تاغ باغرىدا رەڭگا-رەڭ باغلار تۇرسا.
بۇلاقلىرى بۇلدۇقلاپ ئويناپ تۇرسا،
دەريالىرى تاغلارنى بويلاپ تۇرسا.
توپ-توپ بولۇپ ياۋاجان يايلاپ تۇرسا،
ئۇلار بىلەن كەكلىكلەر سايراپ تۇرسا.
بوغا بىلەن ئىيىقلار دارى تۇرسا،
جەننەتتىنمۇ بۇماكان چارى تۇرسا.
يەتمەمدىكەن ئابدۇللا مۇرادىغا،
كويمەمدىكەن قانچە قىز چىرايىغا.
بەگمۇ بولغان ئاخيارغا شىرىپ چايان،
بەگ قىلىشقا بۇ يۇرۇتقا مەقسەت ئايان.
تالىماقچى چەنلوگغا بىر گۇزەلنى،
تاللىۋالدى ئاخياردىن گۇل ھەسەلنى.
قىز جامالىن مىگرۇيمۇ ئاگلىغاندا،
باشتىن-ئاخىر شىرىپ بايدا گلىغاندا.
يۇسۇپ ۋاگمۇ ئەۋەلدىن تېپىپ خەۋەر،
چەنلۇڭ خانغا باپ دىگەن بۇنداق گوھەر.

باش ۋەزىردۇر ئىلىدا مىگرۇي دىگەن،
شۇبۇ جاللات شىنجاگنى سوراپ يىگەن.
ئەيمىنەتتى ئۇ لېكىن ناشتوگدىن،
كوپ ھاللاردا كىلەتتى ئىش ئوگىدىن.
بىر جاگگالدا ياشىغان بورى ئۇلار،
ھوقۇق تۇتقان ئەزەلدىن تورى ئۇلار.
ئايرىم كۇتۇپ چەنلۇڭ خان بۇيرىغىنى،
تالار ئىدى بىر - بىرىنىڭ قۇيرىغىنى.
ناشتوگمۇ قەشقەردە ۋەزىر ئىدى،
ئەلگە سالغان جاپاسى ئېغىر ئىدى.
ئۇۋغا چىقسا قەشقەرنىڭ ئەتراپىغا،
ئۇچيۈز پۇخرا سالاتتى قورشاۋىغا.
زورلۇق بىلەن ئايرىپ تاغۇ-دەشتكە،
قىل بەرمەيتتى ئۇ دىخان جاپاكەشكە.
ئەمەلدارمۇ ھەتتاكى خار بولاتتى،
غىڭ قىلسىلا كورگىنى دار بولاتتى.
زالىملارنىڭ زالىمى ئىدى بۇ زات،
شۇگا خەلق چىكەتتى ئاھۇ-پەريات.
ئۇۋچىلىقتا خۇشتاردۇر قىش-ياز بويى،
ھەم بار ئىدى يۇزلىگەن بورداق قويى.
ئولتۇراتتى ئوردىدا تارتىپ چىلىم،
تامام بولدى ھازىرچە بۇ تەسۋىرىم.

2

خان ئوردىسى ئاجايىپ ھەشەمەتتۇر،
گۇل ھەسەلگە ۋە لېكىن قىيامەتتۇر.
كەلگىنىگە ئۇچ ئايمۇ بولغان ئىدى،
مەسۇم قەلبى ھەسرەتكە تولغان ئىدى.
كېنىزەك دەپ كېلىنگەن قانچە قىزلار،
كېنىزەكچە ئوتمەدى بۇندا ئىزلار.
بۇ چاغ چەنلۇڭ ئەللىك توت ياشتا ئىدى،
سەلتەنەتلىك تاجىسى باشتا ئىدى.
شۇگا يىققان يۇزلىگەن پەرىزاتنى،
بىر-پەرىزات ياقتۇرماس پەيلى ياتنى.
ۋە بەزىسى بۇرچىنى قىلغان ئاما،
بۇرچى شۇكى جانىدىن بولغان جۇدا.

كۆل ھەسەلنىڭ قەلبىدە ئارمان تولا،
ماڭار چىقى ئاڭلىغان پەرمان تولا.
ئەنە توشقان دەرياسى شاقىرايدۇ،
«ۋىژدانىڭنى ساتما!» دەپ ۋاقىرايدۇ.
ئەنە يالغۇز ئانىسى ئاتار موللاق،
بەزى بىرلەر دىيشەر » تەقدىر شۇنداق.
يولغا چىقسا زارلىنىپ جاما ئەتلەر،
قاپلىغانتى ئىقلىمىنى مۇسىبەتلەر.
ئەنە ئاقباش تيانشان قالدى يىراق،
گۈزەل قىزنىڭ قەلبىدىن ئۆچتى چىراق.
كۈندىن-كۈنگە سارغايدى ئويلاپ-ئويلاپ،
ئارزۇلىرى پەرۋازدا كوكىنى بويلاپ.
كاشكى بولسا ئەگەردە بىرەر كەپتەر،
ئوز يۇرتىنى تاپاتتى ئارا ھەپتە.
قۇتۇلسام دەپ شۇ چەنلۈك باغرى تاشتىن،
خالى ئەمەس ھىچقاچان كوزى ياشتىن.
كۈن-تۈن ئوتمەس سۇرمەستىن مىڭ بىر خىيال،
جانان قىزدا بۇندىن ئوز يوقتۇر ئامال.
شۇنداق كۈننىڭ بىرىدە سەھەر چېغى،
ئوز چۈشىدە كورۇندى گۈزەل بېغى.
ئېتەرسەيرى يېتىلەپ ئۇ ئاناسىنى،
نە ئاناسى بۇ يېتىم پاناسىنى.
بولغان ئىمىش ئاناسى قارىغۇ بىراق،
كوزلىرىدىن چىقارمىش ئىككى بۇلاق.
چىقارمىشكى بىرىدىن بۇلۇقلاپ قان،
ۋە بىرىدىن يىرىڭمۇ گويا فونتان.
ئانا دىدى ئويغاندى بىھوش بولدى،
ئەقلى بىردىن يوقالدى گومۇش بولدى.
توكتى شۇنداق ۋاقىراپ موگزارىنى،
نەقايغۇلۇق يۇرىگى مىڭ پارىنى:
«جانىم ئانا - جانىم ئانانى كۈنلەرنى كورگەن-
دۇرسەن،
مېنىڭ ئىشقى پىراغىمدا زار - زار يىغلاپ
يۇرگەندۇرسەن.
ئەجەپ بولدۇم، ئەجەپ بولدۇم نىچۈك بەختىم
قارادۇرمەن،

ماڭسالڭ - تۇرسالڭ قايغۇلۇڭ مەندە مىڭ بىر
خىيال سۇرگەندۇرسەن.»
دىدى شۇندا بىر مانجۇ: «گۈزەل قىزچاق،
نە يىغلايسەن بىكارغا بولۇپ ئاخماق.
بۇندىن ئارتۇق بولامدۇ بەختىڭ سېنىڭ،
ئوينايدىغان ئېچىلىپ ۋاقتىڭ سېنىڭ.»
ئوكسۇپ، ئوكسۇپ كۆل ھەسەل جىم-جىت بولدى،
ياش ئورنىغا ئېتىكى قانغا تولدى.
بۇ ئەھۋالدىن چەنلۈك خان تېپىپ خەۋەر،
ئۇيغۇر قىزغا يەتتىمۇ دىدى خەتەر.
تاجىسىنى كەيمەستىن كەلدى يېتىپ،
ئەنە قىزچاق بىئارام موللاق ئېتىپ.
يەنە كەلدى بىر قىسىم جادۇگەرلەر،
دوختۇر بىلەن تومۇچى دورىگەرلەر.
بىر ئورۇندا كۆل ھەسەل تاپتى ئارام،
لېكىن يېشى توكۇلەر تارام - تارام.
تولغان ئۇچۇن بۇ قېتىم باغرى قانغا،
بايان قىلدى پىكرىنى چەنلوك خانغا:
«شەپقەتسىز شاھ قويىۋەت بۇ رەت مېنى،
تىنىم تىككەن ھەر قېتىم كورسەم سېنى.
قويۇپ بەرگىن يۇرتۇمغا قايتىپ كېتەي،
تۇپرىغىنى كورۇمگە سورۇتمە ئېتەي.
بار يۇرتۇمدا ئاجايىپ كوركەم گىيا،
بۇ گىيانىڭ تۇپرىغى ھەم توتىيا.
بىر گىياكى تېپىلماس تېنى تومۇر،
پەرۋىش قىلسا كورىدۇ مىڭ يىل ئومۇر.
كومۇش ياپراق مۇۋىسى ئالتۇن ئوزى،
بۇنىڭ ئۇچۇن مۇھتاجدۇر ھەم يەر يۈزى.
ياقۇت ئاقار تىنىدىن شۇنداق سۈزۈك،
بۇ تۇرۇغلۇق نە كېرەك گوھەر ئۈزۈك.»
ھەيران قىلىپ چەنلوك خان بۇ گىياغا،
مىرزىسىنى بۇيرىدى ھەم سىياغا.
دەرھال يىغىپ مەسلىھەتچى قۇيرىغىنى،
بايان قىلدى مىڭ رويىگە بۇيرىغىنى.
خەزىنىگە ئالتۇن لىق تولغاي ئىمىش،

ياپرىقىمۇ مىلىك لازىم بولغاي ئىمىش.
ئون تۆپ تاپشۇر دىدى-دە، خىتى تامام،
بۇ تەسۇىرمۇ شۇ يەردە ھەم ۋەسسالام.
× × × × ×
تولدۇر ساقى شاراپنى ئالتۇن جامغا،
ئىچسەم-ئىچەي يولۇنۇپ ئەندى تامغا.

ئارام تاپتىم ئاچقاچقا قىرلىرىمنى،
سەنمۇ لىكىن بىلگەنسەن سىرلىرىمنى.
تۆكۆل بولدى سىرلىرىم شۇتاپ مىنىڭ،
مەن يەتمەسەم ئارمىنىڭ قالۇر سىنىڭ.
سەنمۇ ئىچكىن بۇ قىتىم ئەسرا بولۇپ،
ئەجەپ ئەمەس قالسام مەن كۆچقا تولۇپ.

## توققۇزىنچى باپ

غەزەپ بىلەن ھومىيىمەن قەبىھ زالىملارغا
كالا بولۇپ باش ئىگىمەن سەبى باللارغا
لۇشۈن

1

ئۆچتۇرپاننى ھەر كۈنى ۋەھى ياستى،
نەۋەھىكى زۇلمەتنىڭ تىغى باستى.
ئوتتى يەرلەر بايلارنىڭ قوللىرىغا،
ئۇندى تىكەن يوقسۇللار يوللىرىغا.
قىچىپ ماگدى بەزىلەر يىراق جايغا،
ئۇ يەردىمۇ تۇتۇلدى يەنە بايغا.
قىنى تورەم قالدۇرغان ۋەسىيەتلەر،
ھايۋان كەبى قىينالدى جاما ئەتلەر.
ئەسمەتۇللا ئوتمەكتە ئەلەم بىلەن،
رەخمەتۇللا ئوتمەكتە ھەم غەم بىلەن.
غەرق قىلدى ئۇلارنى ئەلنىڭ ياشى،
تۇيۇلماقتا هارامدەك ئەلنىڭ ياشى.
چەكسە جاپا ئەل يۇرتى قىرىنداشى،
نە خاتىرجەم بولغايدۇر ئۇلار باشى.
گاھ كۈنلىرى سوھبەتتە ئاكا - ئىنى،
رازى ئىدى ئەل ئۈچۈن كەتسە جىنى.
ئەندى قانداق قىلغۇلۇق بۇ جاھاننى،
خورلۇق - زورلۇق قاپلىدى ھەر قاياننى.
شۇنداق كۈننىڭ بىرىدە قىش پەسلىدە،
كىشىلەر قاقشان سەھەردە كىم ئەسلىدە.
كىمدۇر بىرى چىققاندا ھەيران بولۇپ،

تۇرغان بوۋاي كوزلىرى قانغا تولۇپ.
سوزلەر بوۋاي توكۈپ ياش تارام - تارام،
خۇدا ھەققى ئەرزىم بار جىنىم بالام.
ئاقتوقايدىن كەلگىچە كەتتىم ھىرىپ،
ئەسمەتۇللا بىگىمنى قوي چاقىرىپ.
توختاڭ دىدى بۇ كىشى كەتتى كىرىپ،
بايان قىلدى ئەھۋالنى دەرھال بىرىپ.
ئەسمەتۇل بەگ شۇئانلا چىقىپ قالدى،
ئوتتەك كوزى بوۋايغا بىقىپ قالدى.
سالام بەردى بوۋايغا قولىنى سۇنۇپ،
سايىت بوۋا بۇ ئىدى قالدى تونۇپ.
ئويگە كىردى تۇتۇشۇپ قوللى - قولغا،
ياخشى تائام بۇيرۇلدى ئاشپۇزۇلغا.
كەلتۇرۇلدى ئاق نانلار سىن چاي بىلەن،
ئىككى بەگ تەڭ سوھبەتتە بوۋاي بىلەن.
ئاخىر بوۋاي ئەلەمدىن سوز باشلىدى،
غۇۋا غىناكوزىنى ھەم ياشلىدى:
" ئەلىَ تورەم رەھەتلىك بار چىغىدا،
بىر كۆل ئىدۇق بۇ يۇرتنىڭ بىز بىغىدا.
تۇرمۇشىمىز پاراۋان زەپ شاد ئىدى،
ئەل پىشىدىن قايغۇلار ھەم ياد ئىدى.
قايان كەتتى شۇ كۈنلەر شۇ بۇ يۇرتقا،

تۇزۇپ كەتتۇق كۇل بولۇپ كويۇپ ئوتتا.
ھەممىمىز تەڭ بايلارغا چاكار بولدۇق،
بۇغۇشلۇنۇپ بىر يولى چاكار بولدۇق.
كۇچەپ كەتتى ھەر جايدا ئولۇم - يىتىم،
شىكايەتمۇ بولغاندۇر كورمەك قېتىم.
يا خۇداغا يەتمەدى ئاھ زارىمىز،
توگەپ كەتتى تەنلەردىن مادارىمىز.
توگگۇز قوپسۇن گورىدىن ئابدۇللانىڭ،
كوزى كورەر بىر كۇنى ئول خۇدانىڭ. »
بوۋاي سوزى چىچىلدى ھەر تەرەپكە،
كەلمەي قالدى ئاخىرى ئاغزى گەپكە.
ئۇلۇغ - كىچىك تىندى ئۇ ھەم ئاھ ئۇرۇپ،
سوز باشلىدى ئەسمىتۇل بىردەم تۇرۇپ:
«سايىت بوۋا توكتىگىز دەردىگىزنى،
قاينا تتىگىز قازاندەك زەردىمىزنى.
بىزمۇ قالدۇق شۇ كۇندە خىجالەتتە،
يۇز كىلەرمىز قاندا قچە جامائەتكە.
ئابدۇللا بەگ بىزنىمۇ قىلدى قامال،
ئىش قىلىشقا بىۋاستە يوقتۇر ئامال.
ئىچىمىزگە دەرت يۇتۇپ كەلدۇق چىداپ،
ھەقىقەتكە جانىنىمۇ قويدۇق ئاتاپ...»
ئىككى تەرەپ كوپ قىلدى سوھبەت بايان،
ھەم دىيىشتى بولمىسۇن ھايات - شايان.
ئىدى شۇ چاغ تاڭ ئېتىپ چاشكا ۋاقتى،
كىمدۇر بىرى شىددەتلىك ئىشىك قاقتى.
"چاقىر»، دەپتۇ ئابدۇللا دوغىسىغا،
ياش بەگلەرنى تەكلىپ قىپ ئوردىسىغا.
بوۋاي قالدى شۇ تاپتا ھەسرەت بىلەن،
بەگلەر ماگدى ئوردىغا ھەيۋەت بىلەن.

2

باش باھارنىڭ شەپىسى كىلىپ قالدى،
ئۇچار قۇشلار نەغمىسىنى چېلىپ قالدى.
دەريالاردا تارقالدى چىرىمدانلار،
چىقىرايدۇ ھۇقۇيتۇپ ھەم بورانلار.
ئوردا ئىچى ۋە لېكىن جىمجىت ئەمەس،
تەييارلانغان سوغىلار پەۋەس - پەۋەس.
يۇزلەپ ساندۇق ئالتۇنغا لىپ لىق تولغان،
سۇ چىلىڭ ئوغلى سەپەرگە تەييار بولغان.
ئۇنىدىن باشقا قىممەتلىك بۇيۇملار بار،
ئاددى تىلدا قايسىنى قىلاي ئىزھار.
كوتۇرمەكچى بېيجىڭغا ئۇچ يۇز پۇقرا،
مەجبۇرانە تۇتۇلغان ئۇلار ئەسلا.
كەلدى قازا ياشلارنىڭ شۇم بەختىگە،
قاچان يىتەر شۇ پىراق پايتەختىگە؟
ئالتۇن بىلەن كۇمۇشلەر شۇنداق ئېغىر،
ئايان بولدى بولمىغى كەچكە يىغىر.
غىڭ قىلسا جاللاتلار ئالار باشنى،
مېڭىش لازىم مولدۇردەك توكۇپ ياشنى.
شۇنچە ئالتۇن-كۇمۇشلەر كەلگەن نەددىن؟
تۇپراقمۇ يا ئالغىدەك قېزىپ يەردىن؟!
بايلىغىدۇر چۇنكى بۇ ئەژداتلارنىڭ،
ئەڭ جاپالىق تەر توككەن پەرھاتلارنىڭ.
يىغىۋالدى ياۋۇزلار قىستاپ-قىستاپ،
قوي ئالدىدا بورىدە بارمۇ ئىنساپ؟
قاتتىق جەڭدە ئىككى يۇز قىردىق كىشى،
جىگدە كولاش بولماقتا ئۇنىڭ ئىشى.
كەسمەي كولاش شەرتىدۇر يىلتىزىنى،
يەنە شەرتتۇر چۇشۇرمەي توپىسىنى.
مۇنداق ئىشنى كورمىگەن ئىنسانىيەت،
قانخور چەنلۇڭ خەلققە سالدى كۇلپەت.
لازىم ئىمىش تومۇردەك ئالتۇن گىيا،
شۇڭا بولدى بۇ ئىشمۇ قىيا - چىيا.
ئون تۇپ كولاپ جىگدىنى ئىشمۇ پۇتتى.
ئىشلەمچىگە سوغاقنىڭ دەردى ئوتتى.
يىگىرمە تورت ھەر تۇپكە مەسئۇل كىشى،
نىمە چارە بولسىمۇ مىڭ بىر كىشى.
ئوتتى يەرگە ھوكۇمدىن لاتا قۇزۇق،
شۇنداق بولار يول بويى يىگەن ئوزۇق.
ئاتمىش كام ئالتە يۇز پۇخرا بۇندا،
جىگدىچىلەر، ساندۇقچى قوشۇلغاندا.

پۈتۈن ئاسمان دەرغەزەپ تۇرغان سەھەر،
يەغا ـ زاردا باشلاندى بۇندا سەپەر.
يۈزچە چىرىك قىلىچىنى يالاڭلىغان،
ھەم قولىدا تاياقلار پۇلاڭلىغان.
ئىلقىش دوڭگە ھەپتىدە يەتكەندە،
جەۋرى-زۇلۇم جانىدىن-جاق ئۆتكەندە.
ھاشاچىدا قالمىدى قىلچە دەرمان،
رەخمەتۇل بەگ باش ئىدى بېرىپ پەرمان.
قىلماس ئىدى يامان .گەپ جاما ئەتكە،
غەيرەت قىل دەپ ئۇندەيتتى جاسارەتكە.
سۆچىلىك ئوغلى بۇكۈنلەر بولغان ماناپ،
ھاشاچىلار تىزدىلغان ئەينى تاناپ.
كى بار ئىدى بۇ تاپتا ئەرۇ ـ ئايال،
پۈتنى سورەپ تىرە جەپ سۈرەر خىيال.
يول ئازاۋى ئەمەسمۇ گور ئازاۋى،
مۇشۇ ئازاپ ئۇلارغا تۇر ئازاۋى.
مىنىۋالغان لەشكەرلەر يوغان ئاتقا،
نىمە كارى چۇشسە ئەل دات ـ پەرياتقا.
تاغۇ-چوللەر ۋاقىرار رەخمەتۇلغا،

دەريا كوللەر ۋاقىرار رەخمەتۇلغا.
باغۇ ـ بوستان ۋاقىرار رەخمەتۇلغا،
ھەتتا ئاسمان ۋاقىرار رەخمەتۇلغا.
ـ ئوبدان ئويلان رەخمەتۇل بۇ ئىشىڭنى،
خۇدا كورەرمۇ قىلمىشىڭنى.
ئەي رەخمەتۇل گۇناغا شېرىك بولدۇڭ،
چىرىك بىلەن بىرلىشىپ چىرىك بولدۇڭ.
ـ ئۇنۇتتۇڭمۇ تورەمنىڭ گەپلىرىنى،
كورمىدىڭمۇ خەلقنىڭ دەرتلىرىنى.
بۇلار بىلەن بىر جانغۇ-جىنىڭ سىنىڭ،
شەرەپ ئىدى ھەق ئۇچۇن ئاقسا قېنىڭ.

× × ×

ئايا ساقى مەي سۇنغىن ھەسرىتىمگە،
دورا بولسا كۆپايە غەزدۇدىمگە.
شارابىڭنى ئىچمەيمەن ئىچىش ئۇچۇن،
ئىچەي پەقەت جېنىمدىن كېچىش ئۇچۇن.
شۇ كۆچ بىلەن تەۋرەنسۇن ئاجىز قەلەم،
بايان ئەيلەي خەلقىمنىڭ دەردىنى ھەم.
تىز ـ تىز قۇيغىن جامىڭنى لىق تولدۇرۇپ
كوز ياش قىلاي ئۇلارغا مەن ئولتۇرۇپ.




# غەزەللەر ۋە رۇبائىيلار

خوجا شەمسىددىن مۇھەممەت ھاپىز شىرازى

ئەگەر كۆڭلۈمنى شات ئەتسە ئۇشال شىرازى جانانى.
قارا خالىغە بەخش ئەتكۈم سەمەر قەندۇ-بۇخارانى.
ئۇزات ساقى مەيىڭ ئاخىرغىچە جەننەتتە تاپماسسەن
بۇ رۇكنابات قىرغىقىدىكى سۈلىم مۇسەللانى.
شۇ ئالدامچى، قىزىقچى، پىتنىچى شوخلار قولىدىن دات
كوڭۈلدىن ئالدىلار سەبرىم قىلىپ تۈركلەرچە ياغمانى.
مىنىڭ نوقسانە ئىشقىمغە ئۇنىڭ ھوسنى ئەمەس مۇھتاج
گۈزەل يۈز ھېچ تەلەپ قىلماس بۇياق ھەم زىبۇ ئارادى.
كېيىنكىنى قىل چالغۇدىن، مەيدىن، جاھان سىردىنى كام ئىزلە
يېشەلمەس ھېچ كىشى ھىكمەت ئىلە ئۇشبۇ مۇئەممانى.
مەن ئول يۇسۇپنىڭكى چەكسىز گۈزەللىكتىن ئىبەق بىلدىم
چىقارمىش ئىشق نۇمۇس پەردىسىدىن ئول زۇلەيخانى.
يامان دىدىڭ، قوۋاندىم مەن خۇدا ھەققى سوزۇڭ توغرا
گۈزەل لەبىڭ ئەيلىدى ئاچچىق سوزۇڭ لەئلى شەكەرخانى.
نەسىھەت تىڭلىغىل جانان تۇتۇرلەر جانىدىلدىن دوست
ئەقىللىق بەختىيار ياشلار ئىبزىزلەر كېكسەدانانى.
گۈزەل ئەتتىڭ، دۇر چاچتىڭ يېقىملىق كويلەئى ھاپىز
پەلەك نەزمىڭگە گەۋھەردەك نىسار ئەتسۇن شۇرەييانى.

× × ×

ساقىيا كەل ئەندى سۇنغىل جامىنى،
جايلا تۇپراققا غەمۇ ـ ئەيىيامىنى.
بىر قولۇمغا بىر پىيالە مەي شۇدەم
تاشلايمەن مەللە تونۇ ـ ئىھرامىنى.
ئەقىل ئىلىچە بۇ ياماتلىق بولسا ھەم
ئىستىمەيمىز شەرمۇ ـ ئارۇ نامىنى.
بادە سۇن ھەم ئۇشبۇ مەغرۇرلىغىمدىن
تىچلىتىپ قوي نەپسى بىئارامىنى.
بۇ يېنىق كوكسۇمدىن ئاھۇ ئوتلىرى
چۇشتى كويدۇردى شۇ باغرى خامىنى.
ئوز دىلىم سىرىدىكە مەھرەم تاپمىدىم
ئىزلىدىم ھەر قانچە خاسۇ ـ ئامىنى.
دىلئارامىم بىرلە كوڭلۇم شات ئىرۇر
ئالدى دىلدىن بىر يولى ئارامىنى.
باقمىغاي ھەرگىز چىمەندە سەرۋىگە
كىمكى كورسە ئول سەھى ئاندامىنى.

سەبىر قىل ھاپىز تۈنۈ ـ كۈن رەنجىمە
بىر كۈنى تاپقايسە ئەلبەت كامىنى.

× × ×

دوستلىرىم بەزمە ۋىسالىن ئەستە تۇت
ئەستە تۇت دوستلار جامالىن ئەستە تۇت.
بۇ زامان ھېچبىر كىشىدە يوق ۋاپا
ئول ۋاپالىق يار ھالىن ئەستە تۇت.
ئوغا قىلدى لەبنى غەملەر ئاچچىغى
بادەخورلەر تىلۇ ـ خالىن ئەستە تۇت.
چارەسىزمەن غەمنى تەرك ئەتمەك ئۇچۇن
چارەسىزلەرنىڭ ماقالىن ئەستە تۇت.
گەرچە دوستلەر ئەسلىمەيدۇلەر مېنى
كىمسەسىزلىكنىڭ مالالىن ئەستە تۇت.
بۇ بالا دامىگە بولدۇم مۇپتىلا
ھەقشۇناسلارنىڭ جىدەلىن ئەستە تۇت.
سوزلىمەسلىك ياخشى ھاپىز سىرىنى
سىرداش بولغانلارنىڭ ھالىن ئەستە تۇت

ھەر نىچە كىم يۈزلىرىڭ ئاي ـ كۈنگە نىسبەت قىلدىلار،
سۇرىتىڭ كورمەي تۇرۇپ تەخمىن لە توھمەت قىلدىلار.
ئىشقىمىزنىڭ ۋەزنى بۇندا زەررە مىقدار بولسا ھەم
ھەر نەكىم پەرھادۇ ـ شىرىندىن ھىكايەت قىلدىلار.
جان بېغىشلار يۈزى گۈللەرنىڭ ئاياق گەردە ئىسى
ئاڭلىبان ئۇندىن دىماغىنى چاغۇ ـ راھەت قىلدىلار.
قارغا ـ قوزغۇن ئوۋ ئۇچۇن باغلاپ بېقىشقا ئەرزىمەس
لاچىنۇ ـ قۇرغۇيىنى ئالەم شۇندا ئىززەت قىلدىلار.
باقمىغىز لايلەرنى تەھقىرلەپ ساپال دەپ كاسىنى
بۇ ساپاللار جامى ـ جام بەزمىدە خىزمەت قىلدىلار.
قىلمىدى مىژگان ئوقى ھەم جادۇگەر ئەپسۇنلىرى
جەۋرلەركىم زۇلفى مۇشكىن خالى ئادەت قىلدىلار.
بىزگە بىر بوسە يېتەردى بەرمىدى رۇقسەت لىۋىڭ
بۇ شىرىن لەبلەر مۇدام شۇنداق ئىشارەت قىلدىلار.
ساقىيا مەي بەر ئەزەل تەقدىرىنىڭ تەدبىرى يوق
ھېچبىر ئوزگەرمەسلىكىن ئەۋۋەلدە ھوججەت قىلدىلار.
ماختىدى ئىنسانلىرىڭ شېئىرىدا ھاپىز ھەر قاچان
تىڭلىغانلار شېئىرىنى تەھسىنۇ ـ ھورمەت قىلدىلار.

× × ×

يۈزۈڭدەك يارقىن ئاي ئاسماندا ھەم يوق
قەددىڭدەك سەرۋە ھىچ بوستاندا ھەم يوق.
لەبىڭدەك لەئلە يوق دىل ئەتكۈچى شات
چىشىڭدەك تازا بىر دۈر كاندا ھەم يوق.
لەبىڭ جان بەخش رەيھان ئاراسىدا
بۇ خىسلەت چەشمەئى ھايۋاندا ھەم يوق.
ساڭا بۇ تەن تەڭ بولماس جاھاندا
تەن ئەمەس ئۇشبۇ كەڭلىك جاندا ھەم يوق.
ئۆمرۈر ھاپىزنىڭ شېئرى شىرىن، ئاما-
شىرىنلىك يار لەبىدەك ئاندا ھەم يوق.

× × ×

بۇلبۇل ئۇيلار كىم ھېمىشە ئوڭا گۈل كوياكى يار،
گۈل خىيالى نازى، بۇلبۇلنىڭ دىلىگە قىلسا كار.
دىلرە بالىق بىرگىنە ئىشق ئەھلىن ئولتۇرمەك ئەمەس
گەر يىسە قۇللار غېمىن شۇلدۇر ئۇلۇقلۇق ئەي نىگار.
لەئلىنىڭ قەلبىدە قان مەۋج ئۇرمىغى قىممەت ئەجەپ
بادە دەرقىن پەسلىتۇر ئەپسۇس ساپالدا بادەخار.
بۇلبۇل ئۆگەندى شىرىن سوزلەشنى گۈلنىڭ پەيزىدىن
يوق ئىدى ئۇندا بۇ خىل نەزمە - تەرۇننۇم يارۇ - يار.
كەتتى دىلدار قانچە دىللار بىرگە يولداشى ئۆمرۈر
قايدا بولسا ساقلىغىل دائىم سالامەت بىرۇر - بار.
سەن ئەگەر نەپسىڭ يېتىپ بىھۇدە يولغا يۈرمەسەڭ
شۇبھەسىز ۋەسلىگە يەتكەيسەن بولۇرسەن بەختىيار.
ئەي يولۇۋچى دىلبىرىمنىڭ كوچىسىدىندۇر يولۇڭ
باش يارۇر دىۋارى ھۇشيار باس قەدەمنى ئاستا بار.
گەرچە سوھبەت - ئىشتىرتىڭ خوپ ياخشىدۇر ئاما كوڭۇل
بەرمىگىل ئىشقنى قولۇڭدىن ئۇ ئەزىزۇ - ئەتىۋار.
سوپى ئىچكەن بولمىسا نىگە كولاخى قىڭغىيۇر
ئىككى جام ئىچسە يەنە سەللا چۈگۈلغاي ئەي نىگار.
ئۈگمىنىپ قالمىش جامالىڭگە بۇھاپىزنىڭ دىلى
پەرۋەرىش قىلمىش ۋىسالىڭ، بەرمىگىل ئازارۇ يار.

× × ×

سەن ياردىن ئۆزگە ھىچ كورۈنمەس كوزگە،
يول يوق ماڭا سىنىڭ كوچاڭدىن ئۆزگە.
كەلدى ھەممە ئادەمگە شىرىن تىبىچ ئۇيقۇ
مەندىن قېچىپ ئۇيقۇ كىرمەيدۇ سوزگە،

× × ×

كويۇڭدا مەن بى ۋەتەن ئۆزگە ھىچ كىم يوق
يېنىڭدا بىگانىمەن-ئۆزگە ھىچ كىم يوق،

زۇلفىڭ تاناۋىگە باغلانغانمەن
دىۋانىراق مەندىن ئۆزگە ھىچكىم يوق.

× × ×

ئەۋۋەلدە ۋاپا بىلەن مېنى ئەيلەپ شات
مەست ئەتتىيۇ جەۋر - جاپا قىلدى بۇنياد.
ھەر ئىككى كوزدە ياشىۇ، دىلدا تولا ئوت
بولدۇم يولىدا تۇپراق، ئۇ ئەتتى بارباد.

× × ×

ئېمىگدە قان ئارا بۇ كۈن ياتارمەن،
پاراغەت ئورنىدىن سۈرگۈن يانارمەن.
ئىشەنمەسەڭ كىلىپ كورسۇن خىيالىڭ،
كى سەنسىز قاي يوسۇن مەھزۇن ياتارمەن.

× ×

ئول كۈنكى ئايرىلىش ماڭا ئەيلەپ زور،
سەبرىم تۈگەشكە ھىجرىڭ ئەتتى مەجبۇر.
كوز تاشلار بولسام گەر باشقا دىلبەرگە،
ھوسنۇڭنىڭ تۈز ھەققى مىنى قىلسۇن كور.

× ×

مۇرات ئىزلەپ ھايات بىھۇدە كەتتى،
پەلەكتىن ماڭا قاي خىل پايدا يەتتى.
جاھاندا ھەر كىشىگە دوست بولدۇم،
بۇ قانداق بەختكى ئول دۈشمەنلىك ئەتتى.

× ×

ئۈمىدىڭ ئۈزمە بۇ دەۋرى جاھاندىن.
ۋەلى تال بەرگىدەك تىترە خاماندىن.
قارىلىقتىن نىرى رەڭ يوق ئىدى دىسەڭ،
قاراچاچىم ئاقاردى، بۇ قاياندىن.

× ×

يىگىتلىك چاغىدا شاراپ ياخشىراق،
گۈزەللەر سوھبىتى راۋاپ ياخشىراق.
پۈتۈنلەي خارابە بولمىشتۇر جاھان،
خارابىدە بولساڭ خاراپ ياخشىراق.

× ×

ئەي شامال، خەبەر قىل بۇ زارلىغىمدىن،
ئۇڭا، كى يەمەس غەم بىمارلىغىمدىن.
شاتلىق بوشۇگىدە ئۇخلايسەن ھەركۈن،
ئايا، خەۋەرىڭ بارمۇ بىدارلىغىمدىن.

× ×

سەتىدىن غۇنچە ئۈيۈلۈپ تۇتتى گەر نىقاپ،
نەرگىس ھەم خىجىل، كوزىدە يوق تاپ.
گۈل تەگىلىك داۋاسىن قىلالماس ساڭا،
گۈل ئايدىن، ئاي سەندىن نۇر ئالىدۇ ماختاپ.

× ×

گەرمەن كەبى چۇشەر بولساڭ دام ئىچرە،
تاشلىمايتىڭ ئۆزەڭنى مەي ـ جام ئىچرە.
دۇنيانى ئۆرتىگەن ئاشىق مەستدۇرمىز،
بىرگە ئولتۇرما، قالسەن دەشنام ئىچرە.

نەشىرگە تەييارلىغۇچى: تارىم.

# ئىككى شېئىر

ئەخمەت مىرزا

## پارتىيەم

پارتىيەم نامىڭنى تىلغا ئالغاندا،
ئۇرغۇيدۇ دىلىمدا بىر ياڭراق قوشاق.
قوياشلىق مېھرىڭنىڭ ھارارىتىدىن،
ئورنىغاچ قەلبىمگە ئوتلۇق ئىشتىياق.

سەن ئۇلۇق ھەم بۈيۈك قۇدرەت ئىگىسى،
بولغاچقا ھەر جەڭدە غالىپ بىز ھامان.
ئاشۇ قىتا ئەمەلگە خەلقىم تىلىگى،
سەن بىلەن بۇ ئۇلۇق ۋەتەندە ھەر ئان.

تۈرىدۇ ئالدىمىدا مانا شۇ تارىخ،
شاھىتى جەڭگىۋار ـ كۈرەشچان يىللار.
ئۇگلاھقا شەنىگە ئېيتىدۇ ناخشا،
قوياشلىق مېھرىڭدىن سۆيۈنۈپ دىللار.

## ۋەتەنگە ئەھدىم

ۋەتەندۇر گۈل ـ گۈلۈستانىم، چىمەنزار باغۇ ـ بوستانىم،
بىھىش يەڭلىغ قۇچاغىدا غۇبارسىز ياشنىدى جانىم.
دىلىمدا شاتلىغىم كۆپتۇر تۇغۇلغاچ ئۆز دىيارىمدا،
بەختىمىن ئېيتىمەن ناخشا ناۋالار ياڭرىتىپ دائىم.
پۈلاتتەك تاۋلىدى تەننى، يېڭىشكە بەد نىيەت ياۋنى،
شۇڭا جەڭدىن چېكىنمەيمەن نىگەردە ئاقسىمۇ قانىم.
ئەجىر ئەيلەپ ئىلىم ـ پەندىن دىلىمغا نۇر چىراق ياقتى
يېتەرمەن ئەمدى مەقسەتكە كېلىچەك دىلبىرىم ـ يارىم.
ئىرادەم شۇ ئېزىز ۋەتەن سېنىڭ ئەجرىڭنى ئاقلاشقا،
تەسەددۇق ئەيلىدىم جاننى مېنىڭ بۇ ئەھدى ـ پەيمانىم.
كى نە ۋىژدان ئالدىدا مىرزا زىلدىن ئەھدىلەر قىلدى،
ۋەتەنىنىڭ ئىشقىدا قەلبى كۆيۈپ تۇرغاچقا ھەر دائىم.

.................................

## بولسا

ئىمىر ھېزىم

ھەقىقەتنى تاپالايسەن تەپەككۇر قۇربىتىڭ بولسا،
تۈگۈن ـ سىرنى يېشەلەيسەن بىلىمگە رىغبىتىڭ بولسا.
بۇ دۇنيانىڭ سىرى چەكسىز ئۇنى بىلمەككە جۇرئەت قىل،
يېشەلگەي تىلسىمات سىرلار ئىلىم ـ پەن ھىكمىتىڭ بولسا.
روھى كىشەنگە باغلانساڭ قۇتۇلمايسەن ئاسارەتتىن،
نادامەت ئۆزىڭنىڭ بولغاي جاھالەت ئۈلپىتىڭ بولسا.
ئۇمۇر توختامى ھوججەت يوق قولۇڭدا تەڭرىدىن ئالغان،
جاھانغا توھپە سوۋغات قىل ھاياتتا قۇدرىتىڭ بولسا،
زېمىنغا باغ ـ بىنا قىلغىل، يېشىل مۇۋىسىنى نەۋرەڭ،
جاھانغا تولغۇسى شاتلىق تىرىشچان مېھنىتىڭ بولسا.
چۈشۈپ روھانى قىلتاققا چۈشۈڭدە ئىزلىمە جەننەت،
كۆپايە ساڭا دۇنيادا ۋەتەندەك جەننىتىڭ بولسا.

ئوقۇپ پەندىن بىلىم ئالغىل، بىلىمدىن كاتتا بايلىق يوق،
كىلۇر بايلىق قىلىپ جىلۋە ئىجاتكار سەنئەتلىك بولسا .
جاھان ئىنسان ئۇچۇن مەكتەپ ئۆگەنمەككە ئىلىم ـ سەنئەت،
ئىگەللەيسەن ئىلىم ـ پەننى كوڭۇلدە جۇرئەتلىك بولسا.
تەپەككۇر باغىدىن مىۋە ئۈزۈپ تاپساڭ ھەقىقەتنى،
دىيۇرسەن ياخشىغا رەخمەت، يامانغا نەپرەتلىك بولسا.
قانائەت ئىلكىدە ياتساڭ تىلەپ تەلەينى تەقدىردىن،
ئۆزى كەلمەس بەختى تەلەي (كورەيمەن ھوججەتلىك بولسا).
سائادەت ساڭا يار بولغاي تولا قىلساڭ ئىجادى ئىش،
خەلق قەلبىدە ياشنايسەن ئىجاتكار ھورمەتلىك بولسا.
قاراپ كور يادئىبتەر خەلقىم يۇسۇپ، مەھمۇتنى، لۇتۇننى،
سىنى ھەم يادئىبتەر خەلقىم ئەشۇنداق سوۋغىتىڭ بولسا.
ئىمىر ھىزىم ۋەتەن ـ ئەلگە تەپەككۇر جامىدا مەي تۇت،
ياشايسەن قەلبىدە ئەلنىڭ شىرىن تەم-شەربەتلىك بولسا.

بىر ياخشى كىتاپ ئوقىساڭ، نۇرغۇنلىغان ئالىجاناپ كىشىلەر بىلەن سوھبەتلەشكەندەك بولۇسەن.

ـ گېتى

ئىلىم ـ بىلىمدىن قۇدرەتلىك بولغان ھىچقانداق كۈچ يوق. ئىلىم بىلەن قوراللانغان كىشىلەر ھامان غالىپتۇر.

ـ گوركى

بىرەر ئىشنى ئۆگىنىۋېلىشتا ئەڭ مۇھىمى، ئۆگىتىدىغان كىشىنىڭ بولۇش-بولماسلىغى ئەمەس ، بەلكى ئۆزەڭدە شۇنداق ئاڭ ۋە ئىرادىنىڭ بولۇش ـ بولماسلىغى.

ـ فابور

بىر كىشىنىڭ كوزلىگەن نىشانىسى قانچىكى ئالىجاناپ بولسا ، شۇ كىشىنىڭ تالانتى شۇنچە تىز راۋاج تاپىدۇ ھەمدە جەمىيەتكە شۇنچە كوپ مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ . مەن ئىشىنىمەنكى بۇمۇ بىر ھەقىقەت.

ـ گوركى

گۇمانلىنىش كەمچىلىك ئەمەستۇر، ئەمما بىر يەكۈنگە كەلمەي گۇمانلىنىۋېرىش ـ مانا بۇ كەمچىلىكتۇر.

لۇشۇن

ئادەمدە ماددى تۇرمۇشلار بولۇپ ، مەنىۋى تۇرمۇش بولمىسا بولمايدۇ . ھالبۇكى تولۇق ئىنقىلاۋى مەنىۋى تۇرمۇش بولغاندا ، ماددى تۇرمۇش ناچارراق، قىيىنچىلىقچوڭراق بولغان تەقدىردىمۇ بۇنىڭغا چىداپ كەتكىلى ۋە ئۇنى يەڭگىلى بولىدۇ.

ـ تاۋجۇ

بىلىملىك كىشى ئۇچۇن ئېيتقاندا كىتاپ ئوقۇش بىر خىل ھوزۇرلىنىشتۇر. مەن كىتاپ ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىمەن. بۇ مېنىڭ بىر خىل قىممەتلىك ئادىتىم.

ـ گوركى

# ئىككى غەزەل

سالى روزى

1

جاھان گۈلزار بېغى ئىچرە ئۆزەڭ يىگانە رەيھانگۈل،
ئەتىر لەئلى دىگەنلەرمۇ ساڭا ھەيرانە رەيھانگۈل.
مۇبارەك پۇرىغىڭ ھەر ئان قىلۇر لال مۇشكى ئەنبەرنى،
خۇش ھىد يوق باشقا بىر گۈلدە ئۆنىڭدىن چارە رەيھانگۈل.
كورۇنمەس نازۇ كەرەشمەڭ شوخ، ئەمەس رەڭدار سۆپەتىڭ ھەم
لېكىن پاك خىسلىتىڭ گوھەر ۋە يا دۇرانە رەيھانگۈل.
قەدىرلىك بەختىيار گۈلسەن ۋاپادار قىش-يېزى ئوخشاش،
مۇھەببەت ئەھلى شۈكلاشقا ساڭا خۇشتارە رەيھانگۈل
بولۇپ ھەر تاڭ سابا ئەلچى سالام ئېيتسا جانانىڭغا،
سىنىڭ ئىشقى پىراقىڭدا بولار مەستانە رەيھانگۈل.
ھىدىڭنى چىن سۆيۈپ قەۋرەمگىچە ھەمرا قىلىپ كەتسەم،
دىلىمدا ئۆزگە نە ئارمان قالار دىلدارە رەيھانگۈل.
كورۇپ بەندە نىگارنىڭ ئېسىل خىسلىتىنى بىر دەم،
دىدى چىن قەلبىدىن سالى ئەبەت گۈليارە رەيھانگۈل.

2

ئاي يۈزلۈك ئالەمچە سۆيگۈ قوزغاتتى مەندە ئەي نىگار،
ۋەسلى يار دەپىكى پىراقىڭدا كۈنۈ تۈن مەن بىدار.
يىل بىلەن يادەڭ ئىگىلدى ياشلىق باھارىم سەۋرىسى،
ئەل ئارا ئاۋارە ئەتمە ۋەسلىڭگە قىلما ئۆنچە زار.
جىلۋە قىپ لەرزان ئۇسۇلغا دەسسەسەڭ مەيدان ئارا،
زوقلىنىپ قەلبىم قېتىدىن مەن چالاي تەمبۇر-دۇتار.
گۈل قوشۇلسا گۈلگە، سالى جان بىرۇر بۇلبۇل كەبى،
چىن مۇھەببەت ئىمتىھانىدا ئاڭا بەر ئېتىبار.

# « مەن ۋە قوياش » ھەققىدە بەزى تەسىراتلىرىم

ئەھەت ئامان

ئىجادىيەت دىمەكلىك مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا يېڭىلىق يارىتىش دىمەكلىكتۇر، ئەدىبىي ئەسەرلەرمۇ بىر خىل ئىجادىيەت ھىساپلانغان ئىكەن، ئۇ ھالدا بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ تۈپ تەلەپلىرىنىڭ بىرى چوقۇم يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم- ئەلۋەتتە.

بەدىئىي ئەسەر تېما ۋە بەدىئىلىك جەھەتتىن قانچىكى يېڭى ۋە تەسىرلىك بولسا، ئۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە شۇنچە مەھلىيا قىلىپ، كىشىلەر قەلبىدە يېڭى كىشىلەر ۋۇجۇدىغا يېڭىچە كۈچ - مادار بېغىشلاپ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائى ئۈنۈمىنى شۇنچە كۈچلۈك جارى قىلدۇرالايدۇ، ئەكسىچە بولغاندا ئۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدۇ.

« ئاقسۇ ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىنى ئاساسى سورۇن قىلىپ ئىزچىل قەلەم تەۋرىتىپ كىلىۋاتقان ئاپتورلار ئىچىدە يولداش ئىمىن ئەخمىدى يېقىندىن بۇيان ئىلان قىلغان بىر قاتار شېئىرىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت تۈپ تەلىپىنى قانائەتلەندۈرۈشتە باشقىلارغا نىسبەتەن بىر قەدەر سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، يېڭى شېئىرىي تېما، يېڭى شېئىرىي پىكىر ۋە ئەپچىل شېئىرىي شەكىل ھەمدە جانلىق شېئىرىي تىللىرى بىلەن كەڭ كىتاپخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە. بىز ئۇنىڭ « ئاقسۇ ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىل 3 - سانى ئارقىلىق شائىرنىڭ « مەن ۋە قوياش » ناملىق شېئىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتۇق. بىز بۇ شېئىردىن يەنە بىر يېڭىچە شېئىرىي پىكىرنى، بەدىئىي تەپەككۇر ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتىنىڭ يېڭى سەۋىيىسىنى كۆردۇق.

« مەن ۋە قوياش » شېئىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتى ھازىرغىچە ھېچكىم شېئىرىي شەكىل بىلەن ئىپادىلەپ كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن مۇھىم تېما - سىياسى-قانۇن تېمىسىدا تۇنجى رەت قەلەم تەۋرىتىپ، ئەسەرنىڭ ئالدىن بەلگىلەنگەن تېماتىك ئىدىيىسىنى مۇكەممەل ئېچىپ بېرىپ كەڭ كىتاپخانلارنى چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. شائىر بۇ شېئىرىدا قانۇن جەھەتتىكى ناھەق ئەنىزە دەۋرى بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىنكى سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن بىر قانۇن كادىرىنىڭ يەنى " مەن " نىڭ ئەمەلى خىزمەت جەريانىدا يولۇققان كونكرېت مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا ئىپادىلەنگەن جانلىق ئىدىيىۋى

ھېسسىياتىنى كورسۇتۇپ بېرىشكە بېغىشلىغان. بىز " مەن » نىڭ ۋۇجۇدىدىكى چوڭقۇر ئىدىيەۋى ھېسسىياتنى چۈشەنسەكلا شېئىرنىڭ ئاساسى مەزمۇنىنى چۈشەنگەن بولىمىز.

شېئىردا يېزىلغان " مەن » توغرىسىدىكى تەسۋىرلەردىن قارىغاندا ئۇ ئالىي جاناپ پەزىلەتكە ئىگە قانۇن كادىرىنىڭ ئوبرازى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا نامايەن بولغان ئىدىيەۋى ھېسسىيات بىر ھەقىقى خەلق قانۇن كادىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك چىن ـ سەممى ھېسسىياتتۇر. "مەن» نىڭ ئالىي جانابلىقى ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى ساپ، سەممىلىكى بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ " توت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ قانۇننى ئاياق ـ ئاستى قىلىپ " بىگۇنا جانلارغا پەريات يەتكۈزگەن » ئەشۇ نامى مەدىنىيەت، ئەمىلىيىتى ئاپەت بولغان ئون يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىق دەۋرىدە ۋەزىيەتنىڭ يامان تەسىرىگە ئۇچراپ، بىر مەھەل " ئۇلۇق ئېتىقاتتىن تەۋرەپ » قايمۇقۇپ ئوۋۋال، يالغان، خاتا ئەنزە ئىجرا قىلىشقا چېتىلىپ قالغان جىددى خاتالىقىنى خەلق ئالدىدا سەممىي ئېتىراپ قىلىپ يالقۇنلۇق " گۇنالىق » سوزلىرى ئۈچۈن ناھەق جازالانغۇچىلاردىن، يەنى " سەن » دىن ئەپۇ سورىغانلىقىدا كورۇلۇدۇ. شائىر " مەن » نىڭ ئۆز خاتالىقىنى تونۇغان چاغدىكى چوڭقۇر ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى:

مەن سېنى جازالاپ تاپىمىدىم ھوزۇر،
قىينىدى قەلبىمنى ۋىژدان ئازاۋى.
شۇ تاپتا ھوكۇمدە سەن كورگەن ھەر قۇر،
دەل مىنى قىلماقتا ئەلگە سازايى،
قىينىدى قەلبىمنى ۋىژدان ئازاۋى.

دىگەن مىسرالاردا ئىخچام، جانلىق ئىپادىلەنگەن. بىز بۇ مىسرالارنى ئوقۇغىنىمىزدا "سەن» نىڭ ئادالەتسىزلىك ئالدىدا تارتقان تۈرمە ئازاۋىدىنمۇ "مەن» نىڭ ئادالەت ئالدىدا تارتقان ۋىجدان ئازاۋىنىڭ نەچچە ھەسسە ئېغىرلىقىنى ھىس قىلىمىز. ۋىجدان ئازاۋىنى ھىس قىلىش ـ كاتتا ئىدىيەۋى مەنزىل بولۇپ، ھاياتنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشەنگەن ئاڭلىق ئىنسانلار بۇ خىل ئىدىيەۋى مەنزىل يۇكسەكلىكىگە يېتەلەيدۇ.

ئىككىنچىدىن، " مەن » نىڭ ئالىجاناپلىقى ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى ساپ، سەممىلىكى "توت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ تارمار قىلىنىشى بىلەن يېتىپ كەلگەن قايتا باھاردا توغرا سىياسەت ، ئادىل قانۇننىڭ ھىمايىسى بىلەن ئاقلىنىپ تۈرمىدىن ئازات قىلىنغان " سەن » نىڭ خوشاللىق ياشلىرى ئىچىدە " مەن » گە نىسبەتەن بىلدۈرگەن چوڭقۇر رەھمىتىگە قارىتا :

" سەن ماڭا رەھمىتىڭ ئەيلىمە بايان،
بۇ رەھمەت مۇقەررەر پارتىيەمگە خاس»

دەپ يۇكسەك پارتىيىۋىلىك ئىپادىلىنىشىدە كورۇلىدۇ . ئۆز خاتالىقىنىڭ مەنبىئى ۋە ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغان كىشىدە ئۆز نەتىجىلىرىنىڭ سەۋەبىگىمۇ توغرا قارىيالايدىغان ئىدىيەۋى سەۋىيە بولىدۇ . " مەن » ئەنە شۇنداق ھەقىقى شائىر ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالىجاناپ ئىدىيەۋى خاراكتىرىنى :

" بىلەمسەن كىم بەردى ساڭا نىجاتلىق ؟
ئۇ ئەمەس قولۇمدا تۇيىنغان قەلەم.
ئۇ قۇياش ، ئۇ هاۋا ، ئادالەتكە لىق،
بۇ بەختىم مەنبەئى ئۇلۇق پارتىيەم،
ئۇ ئەمەس قولۇمدا تۇيىنغان قەلەم»

دىگەن مىسرالاردا يارقىن يورۇتۇپ بېرىدۇ . بۇ مىسرالاردىن كورۇۋشكە بولىدىكى " مەن » هەرگىز " رەخمەت » كە ئاچكوزلۇك قىلمايدۇ . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا " ئالاردا ئالىمان ، بېرەردە بەزگەك » لىكتەك شەخسى مەنپەئەتپەرەسلىك ئىدىيىسى زادى كورۇلمەيدۇ . بولۇپمۇ گەپ پارتىيە بىلەن ئوزىنىڭ مۇناسىۋىتىگە بېرىپ تاقالغاندا ، بارلىق ئۇتۇق - شەرەپ پارتىيىگە مەنسۇپ دەپ قارايدۇ . شۇ نەرسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش زورۇركى ، ئۇ " سەن » نى ئازاپ دىيىشتىن قۇتۇلدۇرغان بىردىن-بىر پارتىيە دەپلا قاراپ قالماستىن ، بەلكى ئوزىنى ئېزىشتىن (قايمۇقۇشتىن ) خالاس ئەيلىگەنمۇ بىردىن - بىر پارتىيە دەپ قارايدۇ . بۇ ھەقىقەتەن بىر قانۇن كادىرىدا بولۇشقا تىگىشلىك ئالىجاناپ پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدۇر .

دىمەك يولداش ئىمىن ئەخمىدى ھەجمى جەھەتتىن ئانچە چوڭ بولمىغان ، ئەپچىل قۇرۇلمىلىق بۇ شېئىردا " مەن » دىن ئىبارەت بىر سىياسى - قانۇن كادىرىنىڭ بەدىئى ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ بۇ ئارقىلىق خەلق مەنپەئەتى ، پارتىيە خىزمىتى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئاڭلىق تونۇيدىغان، يۈز - ئابروي كىتىشتىن قورقماي ئوز خاتالىقىنى باتۇرلۇق بىلەن بىلەن ئوز ئۇستىگە ئالىدىغان ۋە ئۇنى تۈزۈتۈشكە جۈرئەت قىلىدىغان ، يۈكسەك پارتىيىۋىلىككە ئىگە سىياسى - قانۇن كادىرلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن ھەمدە پرولېتارىيات پارتىيىۋىلىكىنى ئۇلۇغلىغان . شېئىردا ئىلگىرى سۇرۇلگەن توپ ئىدىيىۋى مەزمۇن مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى دەۋرى ۋە پارتىيە 3 - ئومۇمى يىغىنىدىن كىيىنكى هازىرقى دەۋردىن ئىبارەت ئىككى دەۋرنى بېشىدىن ئوتكۈزگەن كەڭ سىياسى - قانۇن كادىرلىرى ئۈچۈنمۇ شۇنداقلا خەلق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان باشقا هەر ساھە، هەر كەسىپتىكى بارلىق كادىرلار ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ مۇھىم تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە .

شېئىر مەزمۇن جەھەتتىن يۇقىرى شېئىرىي پىكىر ئوتتۇرىغا چىقىپ، پرولېتارىيات پارتىيىۋىلىكىگە قىزغىن مەدھىيە ئوقىغان ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىكى بىلەنلا ياخشى شېئىر ھىساپلىنىپ قالماستىن،شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەدىئى ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى يېڭىلىقى ، كومپوزىتسىيەلىك قۇرۇلۇش جەھەتتىكى مۇكەممەللىكىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەنمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ياخشى شېئىردۇر .

1. شېئىرىي ئىخچاملىق مەزكۇر شېئىرنىڭ بەدىئىلىك جەھەتتىكى مۇھىم مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ بىرىدۇر . بۇ خىل ئىخچاملىق ئوز نىۋىتىدە شېئىرنىڭ كومپوزىتسىيىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى بەدىئى ماھارەتنىڭ مەھسۇلىدۇر . يەنى شېئىردا بارلىق شېئىرىي دىتال بىر شېئىرىي پىكىر ئىلكىدە خۇددى چىلىق تۈگۈلگەن مۇشتەك ھىم ، پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ، " مەن » بىلەن " سەن » ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دەۋر قىلىنغان هالىدا ئىنچىكىلاشتۇرۇلغان . شۇڭا شېئىرىي پىكىردە قىلچە

چېچىلاڭغۇلۇق ، شېھرىي دىتاللار جەھەتتە قىلچە تارقاقلىق ھېس قىلمايمىز . مەسىلەن، شېھرنىڭ
بېشىدىلا " رەخمەت " نىڭ ئىگىسى كىم بولۇشى كېرەك ؟ دېگەن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان
بولسا شېھرنىڭ ئاخىرىدا " رەخمەت " مۇقەررەر ھالدا پارتىيىگە خاس دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.
بۇنىڭ بىلەن شېھرنىڭ باش ـ ئاخىرى زىچ ماسلىشىدۇ . شۇنداقلا شېھرنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمى-
دىن ، پارتىيە قوياش ، " مەن " شۇ قوياشتىن نۇر ئېمىپ ياشنىغان مايسا ، شۇڭا بارلىقشە-
رەپ پارتىيىگە مەنسۇپ دېگەن خۇلاسە يەكۈنلىنىپ شېھرنىڭ ماۋزۇسىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.
« مەن ۋە قوياش» دېگەن تېمىنىڭ تەلىۋى تولۇق قانائەتلەندۈرۈلىدۇ ھەمدە " سەن " نىڭ تۈت-
قۇن قىلىنىشى ۋە ئازات قىلىنىشىدىن ئىبارەت ئىككى دەۋرلىك ئىشى ئىككى قېتىم ئىككى خىل ھو-
كۈمنامىنى تاپشۇرۇۋېلىش پەيتىدىكى روھى ـ ھالىتىنى قىسقىچە تەسۋىرلەش ئارقىلىقلا رۇشەن
كورسۇتۇپ بېرىلگەن ، ئەگەر دىققەت قىلىنمىسا " سەن " نىڭ ئىككى دەۋرلىك سەرگۈزەشتىلىرى
توغرىسىدا ئۈزۈندىن ئۈزۈن بايانغا بېرىلىشى كىلىپ چىقاتتى ـ دە، ئەسەرنىڭ ئىخچاملىق ئا-
لاھىدىلىكى يوقالغان بولاتتى. دېمەك، شائىرنىڭ ئاساسى مۇۋەپپەقىيىتى بۇ ئوتكەلنى چىڭ
ئىگىللەپ ئورۇنسىز بايانغا ئورۇن بەرمىگەنلىكىدە.

بىز بۇ شېھردىن بىر خىل يىڭىچە شېھرىي شەكىلنى كورگەندەك بولىمىز . بۇ شېھر ئەسلى بار-
ماق ۋەزنىدە ئۇيغۇر مىللى شېھرىيىتىنىڭ مۇرەببە شەكلى ئاساسىي قىلىنىپ يېزىلغان ، لېكىن ھەر
كوبلىتىنىڭ ئىككىنچى مىسراسى شۇ كوبلىتىنىڭ ئاخىرىدا قايتا تەكرارلىنىپ شېھر بەشلىك ،
شېھر شەكلىگە ئايلاندۇرۇلغان، ئەمما بۇ خىل تەكرارلىنىشتىن بىز قىلچە بىھودىلىك ھېس
قىلمايمىز. چۈنكى بۇ تەكرار بىرىنچىدىن شۇ بىر كوبلىت شېھرنىڭ تەبىئى داۋامى سۈپىتىدە
تەكرارلىنىپ ، شېھرنىڭ ۋەزىن ـ قاپىيەلىرىگە تېخىمۇ قويۇق شېھرى تۈس بېرىپ شېھرنى تېخىمۇ
يۇقۇرى بەدىئى گۈزەللىككە ئىگە قىلغان . ئىككىنچىدىن بۇ تەكرار ، مەزمۇن جەھەتتىن شۇ بىر
كۇبلىت شېھر مەزمۇنىنىڭ خۇلاسىنى نامايەن قىلغان ، يەنى ھەر بىر كۇپلىت شېھرنىڭ ئوز ئىچى-
گە ئالغان ئاساسى مەزمۇنى ئەنە شۇ تەكرار مىسراغا مۇجەسسەملەشتۇرۇلگەن ، ئەگەر باشقا مىس-
رالارنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ شېھرنىڭ ئون ئۈچ كۇپلىتىدا ئايرىم ـ ئايرىم تەكرارلانغان
ئون ئۈچ مىسرانى بىر يەرگە جەم قىلساق ، ئەنە شۇ 13 مىسرادىن پۈتۈن شېھرنىڭ ئومۇمى مەز-
مۇنىنى چۈشۈنۈپ ئالالايمىز. دېمەك، بۇ ھال تەبىئىكى بىزگە يىڭىچە بىر شېھرىي شەكىلنى ھېس
قىلدۇرىدۇ ، گەرچە بۇ يولداش ئىمىن ئەخمىدىنىڭ شېھرىي ئىجادىيىتىدىكى ئىجادى خاراكتېرلىك
خاس ئۇسلۇبى بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژورنىلىدا بەس ـ بەس بىلەن
ئېچىلىۋاتقان ھەر خىل شېھرىي شەكىللەر قاتارىدىكى بىر خىل ئوزگىچە بولغان مۇۋاپىق
شېھرىي شەكىلدۇر.

يولداش ئىمىن ئەخمىدى مەزكۇر شېھرىدا بەدىئى ئالاھىدىلىك جەھەتتىن يۇقۇرقىلاردىن
باشقا بەزى ئۇتۇقۇمى تازا ئېنىق ئەمەس ، بولۇپمۇ ئىشلىتىلىش ئورنى تازا مۇۋاپىق بولمىغان
بەزى سوزلەرنىڭ شېھرىدا ئانچە ـ مۇنچە ئورۇن ئېلىپ قىلىشىغا يول قويۇپ قالغىنىنى ھېساپقا
ئالمىغاندا، شېھردا ماۋزۇدىن تارتىپ تاكى پۈتۈن شېھر گەۋدىسىگىچە ئوبرازلىق تىلغا مۇراجەت
قىلىپ ، شېھرى ئىجادىيەتنىڭ تىل سەنئىتىگە قويغان تەلىۋىنى بەلگىلىك دەرىجىدە قانائەتلەن-
دۈرگەن . بىز يولداش ئىمىن ئەخمىدىنىڭ مۇندىن كېيىن نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ
كوپ يىڭىلىق روھىغا باي نادىر شېھرلىرى ئارقىلىق كىتاپخانلار بىلەن پات ـ پات يۈز كورۈشۈپ
تۇرۇشىنى سەمىمى ئۈمىت قىلىمىز .



دۆجرات

تۇرسۇن تۇختى

فوتوسى



ئىنتىلىش

ت. مەتنىياز فوتوسى



گۈزەل تەلەمەت تاغلىرى

ئابلەت رەخمان فوتوسى



بېلىق تۇتۇش

پېڭجېشېن فوتوسى

# ئاقسۇ ئەدەبىياتى
# 阿克苏文艺


تۈزگۈچى: «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى
编辑：《阿克苏文艺》编辑部
نەشر قىلغۇچى: ئاقسۇ مەمۇرى مەھكىمە مەدەنى
-مائارىپ باشقارمىسى
出版：阿克苏行署文教处
«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
印刷：喀什日报印刷厂
ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
发行 阿克苏地区邮电局
ئاپتونوم رايونى بويىچە ھەر قايسى پوچتىخا-
نىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
订阅：各地邮电局，所
فورماتى: 789 × 1092، 1/16: 7 تاۋاق.

ژورنالنىڭ ۋاكالەت نومۇرى: 58-47. باھاسى: 0.30 يۈەن
代号：58 —47 号　定价：0.30 元

مۇقاۋىسى يېزا ئىگىلىك 1-دىۋىزىيە باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
封面印刷新疆兵团农一师印刷厂